


# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

5
1988

XINJIANG CIVILIZATION



ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى — شائىر نىمشېھىد ئەرمىيائىلى داموللا سايرامى (1906 ـ 1971)

سۈرەتنى شىرىپ خۇشتار ئەۋەتكەن

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

1988 - يىل 5 - سان (ئومۇمىي 174 - سان)

37 - يىل نەشرى


## بۇ سانىدا

### ئەدەبىيات گۈلزارى


مۇناپىقنىڭ ئۆلۈمى ................ (پوۋېست) ........ مۇھەممەت ئېلى زۇنۇن 49

تونۇش بەشىرە ................ (ھېكايە) ................ قاھار جېلىل 2

چۈمپەردە ئىلھاملىرى ................ (نەسىرلەر) ................ ئەخمەت ئىمىن 45

مەن تۇغۇلغان يۇرتمۇ يۇرتنىڭ ئوبدىنى ... (شېئىر) ................ قاسىم سىدىق 17


### تارىختىن سۆز


كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي

ئوچېركلىرى ........................................ نىزامىدىن ھۈسەيىن 18


### ئەخلاق - ئادەمىيلىك


دانىشمەنلەرنىڭ ئەدەب - ئەخلاق توغرىسىدا ........................................ 73


### قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن


دوكلات ................ (ھېكايە) ................ چېن ئىڭچۇ 78

ئەپچىل قوراشتۇرۇلغان ياخشى ئەسەر ................ جاڭ دېخۇا 79


### خەتتاتلار مۇنبىرى


ھۆسن خەتلەر ........................................ تۇرسۇن روسۇل يازغان 48

ھۆسنخەتلەر ........................................ مۇختار مۇھەممەت ئىمىن يازغان 80


مۇقاۋىدا: يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تارىخ ئالىمى ۋە شائىرى موللامۇسا بىننى موللا ئەيسا خوجاسايرامى (1836 —— 1917)، پەرھات ئىبراھىم سىزغان.

مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە: «چەببىيات» مۇقامىنىڭ مەشرىپى، خاسىيەت فوتوسى.

رەسسام ۋە خەتتات: ئابلىمىت ئابلىز، ئىسمائىل ئىبراھىم (تەكلىپ قىلىنغان)


بۇ سانىنىڭ جاۋابكار مۇھەررىرى ۋە مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت



# تۇتۇش بەشىرە



(هېكايە)

## قاھار جېلىل

تەكلىماكان بويىدا جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان بىر يېزا بار. ئۇ يەردىكى كىشىلەر يېزىنىڭ بىنا بولۇش تارىخىنى دەقيانۇسنىڭ زامانىسىغىچە باغلايدۇ. ھەتتا بەزىلەر ھەزرىتى نۇھ ①نىڭ دەۋرىگىچە ئاپىرىپ تاقاشتىنمۇ يانمايدۇ. بۇ يېزىنىڭ زادى قاچان پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە پېقىر ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيمەن، ئەمما كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا ئېقىپ يۈرگەن رىۋايەتلەردىن قارىغاندا، ئۇنىڭ مۇشۇ ۋادىدىكى ئەڭ قەدىمكى يېزىلاردىن بىرى ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىش تەس ئەمەس.

بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، تۇرانلارنىڭ پادىشاھى ئەفراسىياپ ئىرانىيلەرنىڭ سىياۋۇش ئىسىملىك شاھزادىسىنى مۇشۇ يېزىدا قەتلى قىلغان ئىمىش.

— ھەزرىتى ئەلى «كۇففار»لار بىلەن جەڭ قىلىشقا كېتىۋېتىپ، — دېيىلىدۇ يەنە بىر رىۋايەتتە، — كۆز يۇمۇپ ئېچىش ئارىلىقىدا ئاللە ئايلىق يول باسالايدىغان دۇلدۇلىنى

① نۇھ — «قۇرئان» قىسسىلىرىدىكى توپان بالاسىدىن ئامان قالغان پەيغەمبەر، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى.

مۇشۇ يېزىدىكى ئۆستەڭ سۈيىدە سۇغارغانىكەن، شۇڭىدىن بۇيان ئۇ ئۆستەڭ «شاھى مەردان غولى» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ.

بالاچاغىلىرىدا ئانامدىن مۇنداق بىر رىۋايەتنىمۇ كۆپ ئاڭلىغانمەن:

— ئاۋۇ قۇم دۆڭلىرىنى كۆردۈڭمۇ؟ — دەيتتى ئانام شەرق تەرەپتىكى قۇم بارخانلىرىنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ، — ئۇ يەردە غايىب خەزىنە بار. كىمىكى نىيىتى خالىس مۆمىن مۇسۇلمان بولسا، تەلىپى ئىجاۋەت بولۇپ، ئاشۇ غايىب خەزىنە ئۇنىڭغا ئاشكارا بولىدىكەن. ئالتۇن-كۈمۈچ، ئۈنچە-مەرۋايىت دېگەنلەر قەدەمدە بىر كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىكەن. ئەگەر ئۇ كىشى بىرەر تىللا ياكى بىرەر ئۈزۈككىلا قانائەت قىلىپ، شۇنى ئېلىپلا ئۆيىگە قايتسا ھەم بۇ ئىش ھەققىدە ھېچكىمگە تىنمىسا، ئۇ كىشىنىڭ ھال-ئوقەتى كۈندىن-كۈنگە ياخشىلىنىپ، كاتتا بايغا ئايلىنىدىكەن.

كۆز ئالدىمدا ئاجايىپ بىر مەنزىرە نامايەن بولاتتى ۋە ھاياجانلانغان ھالدا سورايتتىم:

— توۋا، شۇنچە كۆپ دۇنيا-ئوقەتنى ئۇ يەرگە كىم تاشلاپ قويغان بولغىيدى؟

— بالام، غايىب خەزىنە دېگەننى بىر كىم تاشلاپ قويمايدۇ، ئۇ ياراتقان ئىگەمنىڭ قۇدرەت كامالى بىلەن بولغان ئىش، — دەيتتى ئانام ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر رىۋايەتنى باشلايتتى، — ئۇ يەر ئەسلىدە بۇتپەرەس كۇففارلارنىڭ خان ئوردىسى ئىكەن. ئىسلام لەشكەرلىرى يېتىپ كەلگەندە كۇففارلار شۇ يەرگە توپلىشىۋېلىپ قارشىلىق كۆرسىتىپتۇ. نۇرغۇن مۇسۇلمانلار شېھىد بوپتۇ. ئاخىرى ئىمامى جەپىرىدىن سادىق پادىشاھىم ① ئاللاھقا ئىلتىجا قىلغانىكەن، خۇداۋەندە كېرەم كۇففارلارنىمۇ، ئوردا-سارايلىرىنىمۇ قۇم ئاستىغا غەرق قىلىۋېتىپتۇ. ھېلىقى غايىب خەزىنە ئەنە شۇنىڭدىن پەيدا بولغانىكەن.

ئانامنىڭ دېگەنلىرىگە شەكسىز ئىشىنەتتىم ۋە مەنمۇ تېزرەك چوڭ بولسام، شۇ غايىب خەزىنىنى ئىزدەپ ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشسەم، بىزمۇ تېزرەك باي بولۇپ كەتسەك، ئاندىن مەھەللىمىزدىكى نامراتلارغىمۇ ياردەم قىلساق، ئۇلارمۇ جاپا-مۇشەققەتتىن قۇتۇلسا، دەپ ئارزۇ قىلاتتىم.

— خۇدايىم نىيىتىڭگە يەتكۈزەر بالام، — دەيتتى ئانام بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ.

ئاڭلىشىمچە، يۇرتىمىزدىن نۇرغۇن كىشىلەر كېيىنكى چاغلاردىمۇ ئاشۇ «غايىب خەزىنە»نى ئۇچرىتىش مەقسىتىدە تالاي قېتىم قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا تەمتىرەپ يۈرۈشكەنىكەن، لېكىن ئۇلارغا ھېچقانداق دەپى-دۇنيا ئۇچرىماپتۇ.

— ھازىر كىشىلەرنىڭ ئىمانى سۇسلىشىپ كەتتى، — دەيتتى ئانام مۇشۇ ھەقتە گەپ بولغاندا ھەسرەتلىنىپ، — شۇڭا «غايىب خەزىنە» ئۆزىنى ئاشكارىلىمىغان گەپ.

يېزىمىزنىڭ تارىخىغا ئائىت يەنە باشقا رىۋايەتلەرمۇ بار. شۇنىسى قىزىقكى، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئىماملار ۋە ئۆزلىرىنى «سەئىد ئەۋلادلىرى» دەپ ئاتايدىغان خوجا-ئىشانلارنىڭ ئىسلامىيەت ئۈچۈن قانداق مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، قانداق قۇربانلارنى بەرگەنلىكىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. بۇرۇن مەنمۇ بۇنداق رىۋايەتلەرنى راست بولغان ئىشلار دەپ ئىشىنەتتىم ۋە يۇرتداشلىرىمغا ئوخشاشلا

---

① ئىمامى جەئپەر سادىق (مىلادى 702—765) خەلىپە ئەلىنىڭ چەۋرىسى، يەنى ئىمامى مۇھەممەد باقىرنىڭ ئوغلى. مەدىنىدە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان.

Altun04

مۇشۇنداق «مۇقەددەس» يۇرتتا تۇغۇلۇشتەك ئامەتكە ئېرىشكەنلىكىم ئۈچۈن تولىمۇ پەخىرلىنەتتىم. بىز ئۆزىمىزنى مەككە ياكى مەدىنىلىكلەرگە تەڭلەشتۈرەلمىسەكمۇ، لېكىن كوفە ۋە كەربالا ① لىقلاردىن كەم ھېسابلىمايتتۇق.

كېيىن يۇقىرىقى رىۋايەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى توقۇپ چىقىرىلغان ئەپسانە ئىكەنلىكىنى، خەلىپە ئەلى ۋە ئىمامى جەئپەر سادىقلارنىڭ بۇ يەرلەرگە ئەسلا كەلمىگەنلىكىنى، ئۇلار ئالەمدىن ئۆتۈپ ئۈچ ئەسىردىن كېيىن، بۇ دىياردىكى كىشىلەر ئۇيغۇرلار سۇلتانى سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈلگەنلىكىنى بىلدىم. قۇمغا كۆمۈلگەن «غايىب خەزىنە» بولسا، باردۇر (چۈنكى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئارخېئولوگلار تەكلىماكاندىن ئەنە شۇنداق خارابىلارنى تېپىشتى)، لېكىن ئۇ ھەرگىزمۇ ئىمامى جەئپەر سادىقنىڭ قارغىشىغا كەتكەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى تۈپەيلىدىن قۇم ئاستىدا قالغان شەھەر خارابىلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

مەن بۇ يېڭى قاراشلىرىمنى يۇرتداشلىرىمغا ئېيتىۋىدىم، ئەمما ئۇلاردا ئازراقمۇ ئۆزگىرىش پەيدا قىلالمىدى، ئەكسىچە، بەزىلەر تېخى مېنى دەھرىلىكتە ئەيىبلەشتى.

مەن ئۇلارنىڭ قەلبىنى چۈشىنىمەن. ئۇلار ئۆز يۇرتىنى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن ھەر قانداق ئەپسانىلارغا ئىشىنىشكە رازىكى، ئۇنى «تۆۋەنلىتىدىغان» ھەقىقىي پاكىتلارنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدۇ. نېمە دېگۈلۈك، پەرزەنت ئۈچۈن ئانا يۇرتقا بولغان مۇھەببەت ئەنە شۇنداق مۇقەددەسقۇ، ئاخىر!

ئەپسانىلارغا ئىشەنمىگەنلىكىم، مېنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇمغا بولغان مۇھەببىتىمنى قىلىچەمۇ سۇسايتالىغىنى يوق. مەن ئۇنىڭ سېخىي قۇياشىنى، ھوسۇلدار تۇپرىقىنى، خىلمۇ - خىل مېۋىلەرگە تولغان باغلىرىنىلا ئەمەس، ئوت - خەسلىرىنىمۇ، چاڭ - توپىلىرىنىمۇ، پىژغىرىم ئاپتاپ ۋە جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇقلىرىنىمۇ چىن قەلبىمدىن سۆيىمەن! مەن ئۈچۈن ئۇنىڭ قىغ - چىلە پۇرايدىغان ھاۋاسى مۇشكى - ئەنبەردىنمۇ يېقىملىق، چىڭگىلىك يامىشاقان چىتەن قاشالىق ھويلىلار ھەشەمەتلىك باغچىلاردىنمۇ گۈزەل! مەن ئۇنىڭ قۇم ئارىلاش سوغۇق سۈيىنى ئۇچۇملاپ ئىچكىنىمدە يۈرىكىم ھوزۇر - ھالاۋەتتىن يايراپ كېتىدۇ!...

ئايرىلغىنىمغا خېلى يىللار بولغان يېزامغا بۇ قېتىم يەنە كەلدىم. ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر قەلبىمنى شادلاندۇرۇۋەتتى. بىراق، كۆڭلۈمنى غەش قىلغان ئىشلارنىمۇ كۆردۈم. ئەپسۇسكى، بىر مۇنچە يۇرتداشلىرىم ئۇ ئىشلارنى تېخى «يۇرتىمىزنىڭ بىر خىل پەزىلىتى» دەپ بىلىشىدىكەن.

* * *

مەن يېزىغا كەچكە يېقىن كەلگەنىدىم. ئاسفالت ياتقۇزۇلغان يول يېزىغا يېقىنلاشقاندا بىر ئەگمەدىن ئايلىنىپ بىر كىلومېتىردەك سوزۇلغان تۆپىلىككە كۆتۈرۈلدى. ياش يىگىتلەر ئولتۇرغان ئۈچ موتسىكلىت بىزنى يانداپ ئۆتۈپ كەتتى ۋە گويا: «قانداق، قايسىڭىز نوچىكەن؟» دېگەندەك بىزگە بۇرۇلۇپ قوللىرىنى پۇلاڭلاتقاچ ئىسقىرتىشتى. شوپۇر يېنىك كۈلۈمسىرەپ قويدى ۋە ماشىنىنى ئاستىلىتىپ يولنىڭ چېتىدە توختاتتى. ماي تۈگىگەنىكەن.

— ئېشەك چېغىدا قۇرسىقى چاپىلىشىپ

① كوفە، كەربالا — ئىراقتا، خەلىپە ئەلى ۋە ئىمامى ھۈسەيىنلەر قەتلى قىلىنغان جايلار.

كەتسىمۇ يەنە نەچچە كىلومېتىر يول يۈرۈشكە چىدايدۇ، بىراق، بۇ جاڭۋازە، مېيى تۈگىسە، بىر قەدەممۇ سىلجىمايدۇ، — دېدى شوپۇر ماڭا خىجىللىق بىلەن قاراپ قويۇپ، ئاندىن ئىشىكنى ئېچىپ پەسكە چۈشتى.

مەنمۇ پەسكە چۈشتۈم ۋە ماي باكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋاتقان شوپۇرنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— بىراق، ئېشەكنىڭ قورسىقىنى ھەر سائەتتە بىر قېتىم تويغۇزۇپ تۇرسىڭىزمۇ، ماشىنا بىر كۈندە باسقان يولنى ئايلاپ ماڭمىدۇ. يەنىلا مۇشۇ جاڭۋا بەلەن نەرسە، — دېدىم ئۇنىڭ تەلەپپۇزىنى دوراپ.

— بۇ دېگىنىڭىز راست.

شوپۇر ماي قاچىلاشقا تۇتۇندى. مەن تاماكا چەككەچ ئوڭ تەرەپتىكى ۋادىغا نەزەر تاشلىدىم: قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن مەھەللىلەر، ئېتىزلىقلار ۋە باغلار ئۇزاقلارغىچە سوزۇلۇپ ياتاتتى. يېزا ئۈستىدىن يۇقىرى بېسىملىق توك سىملىرى ھەر تەرەپكە تارتىلغانىدى. ئۆگزىلەردىن كۆكۈش تۈتۈنلەر ئاسمانغا كۆتۈرۈلەتتى. توپ - توپ كەپتەرلەر كۆكتە پەرۋاز قىلاتتى. موللاق ئېتىشقاندا قورساقلىرىدىكى ئاق تۈكلەر قۇياش نۇرىدا كۈمۈچتەك يالتىرايتتى، قويرۇقىغا ئېسىلغان «غوڭ قاپاق»لار يېقىملىق غوڭۇلدايتتى. قارلىغاچلار غۇيۇلدىشىپ ئۇچۇشاتتى. پادىدىن قايتقان كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى، قويلارنىڭ مەرەشلىرى، قونداق تالىشىۋاتقان توخۇلارنىڭ قاقىلداشلىرى، قۇچقاچلارنىڭ چۇۋۇلداشلىرى، سۇغا چىققان قىز - چوكانلارنىڭ كۈلكە - چاقچاقلىرى يىراق بىر يەردىن ئاڭلىنىۋاتقان تراكتور ئاۋازىغا قوشۇلۇپ، سەھرانىڭ ئۆزگىچە خاس سىمفونىيىسىنى تەشكىل قىلغانىدى...

ھاردۇقۇمنى بىردىنلا ئۇنتۇدۇم. قەلبىم تۇغۇلغان يۇرتۇمنىڭ كەچكى مەنزىرىسى بەخش ئەتكەن شادلىق ھېسلىرىغا لىپمۇلىق تولدى.

ئىشىنى تۈگەتكەن شوپۇرنىڭ يېنىمغا كەلگەنلىكىنى تۇيماي قاپتىمەن. ئۇ مېنىڭ شۇ تاپتىكى ھالىتىمنى چۈشەنگەن بولسا كېرەك، ماڭا تاماكا تۇتقاچ:

— كىندىك قېنىڭ تۆكۈلگەن يۇرتنىڭ مېھرى دېگەن ئۆزگىچىدە! — دەپ قويدى.

مەن تاماكىنى تۇتاشتۇردۇمۇ، لېكىن گويا ئاغزىمنى ئاچساملا قەلبىمدىكى تەسىراتلىرىم تۆكۈلۈپ كېتىدىغاندەك سۆكۈتتە چۆمگەن ھالدا بالىلىق چاغلىرىم ئۆتكەن بۇلۇڭ - پۇشقاقلارغىچە قاراپ چىقتىم...

بىز ماشىنىغا چىقىۋاتقاندا قۇلىقىمغا مەزىنىڭ نامازدىگەر ئۈچۈن ئېيتقان ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. باشتا ئۇنىڭغا ئانچە ئېرەن قىلمىغانىدىم، كېيىن ئۇ بىردىنلا ماڭا ئاللىقانداق تونۇش ئاۋازدەك بىلىنىدى. بىراق، ئالدىمىزدىن چىقىپ كەلگەن تراكتورنىڭ كۈچلۈك تاتىلداشلىرى ئۇنى بېسىپ كېتىپ، مەزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈشكە ئۈلگۈرەلمىدىم. تراكتور ئاۋازى پەسەيگەندە ئەزانمۇ ئاياغلىشىپ بولغانىدى. ئاڭغىچە ئۆيگە يېتىپ كەلدۇقتە، ئۇنى تامام ئېسىمدىن كۆتۈرۈۋەتتىم. بىراق، كەچتە ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن داستىخان ئالدىدا ئولتۇرغان چېغىمىزدا بايىقى ئەزان ئاۋازىنى يەنە بىر قېتىم تېخىمۇ يېقىندىن ئاڭلاشقا توغرا كەلدى. ناچار كۆچۈرۈلگەن ئۈن ئالغۇ لېنتىسىدەك قويۇق خىرىلداش ئارىلىشىۋالغان بۇ ئاۋاز ماڭا خېلىلا تونۇش ئىدى. مەن بۇرۇنمۇ ئۇنى خېلى كۆپ ئاڭلىغان. ئۇ چاغدا قانچە كۆپ ئاڭلىسام، شۇنچە بىزار بولاتتىم،

ئەمما بۇ قېتىم ھەيران قالدىم.

— ئەزان ئېيتقۇچى كىشى ھاشىم كانايمۇ — نېمە؟ — گۇمانىمنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن سورىدىمەن.

— شۇنداق، ئۇ ھازىر مەھەللىمىزدىكى مەسچىتنىڭ مەزىنى، — دەپ جاۋاب بەردى ئاكامنىڭ كىچىك ئوغلى ئابدۇكېرەم.

بۇ يېڭىلىق ھەيرانلىقىمنى يەنىمۇ ئاشۇردى. ھاشىم كاناي بۇرۇن ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى، ئەترەت باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، ئاتالمىش «تۆت كونىنى يوقىتىش» ھەرىكىتىدە ساقال قىرقىپ، سەللە - تون كۆيدۈرۈپ، مەسچىت - خانىقا چېقىپ تازا داڭ چىقارغان «توق قىزىل ئىنقىلابچى» ئىدى.

ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ: بىر كۈنى ئانامنى يوقلاش ئۈچۈن يېزىغا كەلدىم. قارىسام، ئىچكىرى - تاشقىرى ئۆيلەرنىڭ تاملىرى تامامەن سۈرەتلەرگە تولۇپ كېتىپتۇ ۋە ئۇلار جىگدە شوخىلىرىدا ئامانەتكىلا مىخلاپ قويۇلۇپتۇ.

— ئانا، جىگدە شوخىلىرى بەك سەت كۆرۈنىدىكەن، سۈرەتلەرنى شىلىمدا چاپلىساق بولمامدۇ؟ — دېدىم مەن سەل ھەيران بولۇپ.

ئانام تۈڭلۈكتىن چۈشكەن كۈن نۇرىغا بىر قاراپ قويدى - دە، گويا مېنىڭ تەكلىپىمگە قوشۇلغاندەك تام يېنىغا بېرىپ، سۈرەتلەرنى ئاجرىتىشقا باشلىدى.

— باشتا سەن دېگەندەك شىلىمدا چاپلىۋېدىم، — دېدى ئۇ قولىنى ئىشتىن بوشاتماستىن، — ئەمما ناماز ۋاقتىدا ئاجراتسام يىرتىلىپ كەتتى. جىگدە شوخىسى ئىشلەتسە ئاجرىتىپ قادىماق ئوڭاي بولىدىكەن.

ئانامنىڭ بۇ سۆزىنى دەماللىققا چۈشىنەلمىگەنىدىم، كېيىن ئىسلام ئەقىدىلىرىدىكى نامازنى ئوقۇغان ئۆيدە ئادەم سۈرەتلىرى بولماسلىقى كېرەك، دېگەن بەلگىلىمە ئېسىمگە كەلدى.

— ئۇنداقتا، ناماز ئوقۇيدىغان ئۆيگە چاپلىمىسىڭىز بولمامدۇ؟

— ۋاي بالام، بۇنى ئويلىمىدى دەمسەن مېنى؟ ھاشىم سولتەككە نەچچە قېتىم يالۋۇردۇم، ھەققىڭىزدە دۇئا قىلاي دېدىم، ئەمما ئۇ سولتەك زادى ئۇنىمىدى. تېخى ناماز ئوقۇپ خۇراپاتلىق قىلسىڭىز كۆرەشكە تارتىمەن، كوچا ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىمەن دەپ قورقۇتتى. شۇڭا ئىلاجىم يوق ھەممە ئۆيگە چاپلىدىم. بۇ ئۆيدىكىلىرىنى ناماز ۋاقتىدا ئاجرىتىپ باشقا ئۆيگە ئەپچىقىپ قويىمەن. نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، يەنە قاداپ قويىمەن.

سۈرەتلەرنىڭ بىرىنى قولۇمغا ئېلىپ قارىدىم. ھەر كۈنى بەش قېتىم ئاجرىتىلىپ - قادىلىپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ بۇرجەكلىرى ئۆتمە - تۆشۈك بولۇپ كېتىپتۇ. مەن يا كۈلۈشنى، يا ئاچچىقلىنىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم. ئانامغا تولىمۇ ئىچىم ئاغرىدى. ناماز ئوقۇمىسا تېخى بولمىسا، سۈرەت چاپلىمىسا تېخى بولمىسا. بىچارە ئانام ئىككى شەپقەتچىسىگە بولغان ئىخلاسمەنلىكىنى ئوخشاش ئادا قىلىش ئۈچۈن قانچىلىك باش قاتۇرغان - ھە!؟

ئانام تېخى نامازنىڭ سۈننەت قىسمىنى ئەندىلا تۈگىتىۋېدى، ھاشىم ئاخۇن گويا باياتىن بېرى ئۇنى ماراپ تۇرغاندەك ئۇشتۇپلا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن خۇددى بەز مارىغان مۈشۈكتەك بىر خىل تويغۇنلۇق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئاۋۋال جاينامازدا ئولتۇرغان ئانامغا، ئاندىن تاملارغا كۆز يۈگۈرتتى، چىرايى تۈرۈلۈپ، كۆزلىرى چەكچەيدى. قارىغاندا ئۇنىڭ ئانامنىڭ نامىزىنى

بۇزۇش ئېھتىمالى بار ئىدى. مەن يەڭگىل يۆتىلىپ قويدۇم. ئۇ ئىتتىك ماڭا بۇرۇلۇپ قارىدى ۋە گويا مېنى ئەندىلا تونۇغاندەك زورىغا كۈلۈمسىرەپ:

— ھوي، ئۆزلىرى كەپتىكەنلىدە، ھارمىغايلا، — دەپ سالاملاشتى.

ھەر ھالدا مېنىڭ شەھەردە ئىشلەيدىغان كادىرلىق سالاھىيىتىم ئۇنى سەل بولسىمۇ ئاچچىقىنى يۇتۇشقا مەجبۇر قىلغان ئوخشايدۇ، ئەندى ئۇ ئانامغا چېچىلىشىنىڭ ئورنىغا، بىر ئالىيىپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى. بىز قۇلاشمىسىمۇ تاغدىن - باغدىن پاراڭ سېلىشتۇق. مەن ئىلاجى بار ئۇنىڭ دىققىتىنى باشقا ئىشلارغا چالغىتىشقا تىرىشاتتىم، لېكىن ئۇ ھامان گەپنى «ئىنقىلابىي» تېما ئۈستىگە يۆتكەيتتى.

—قارىماملا، بىز ئەترىتىمىزنى ئىنقىلابىيلاشقان، قىزىللاشقان، ئۆلگىلىك ئورۇنغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن پالاقلىشىپ يۈرىمىز، —دېدى ئۇ مېنىڭ قىشلىق ئوغۇت توپلاش ھەرىكىتىدىكى سوئاللىرىمنى ئاڭلىماسقا سېلىپ، —لېكىن بەزى خۇراپىي ئادەملەر بىز بىلەن ئۆچەكىشىپ قەدەمدە بىر توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ. ناماز ئوقۇۋاتىدۇ، مەخپىي ھالدا ھەلقە - سۆھبەت قىلىۋاتىدۇ. كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار بولسا، ئۇلارغا ئارقا تىرەك بولماقتا. مانامۇشۇ ئۆيدىمۇ ئۆزلىرى كۆرۈپتۇرۇپلا...

بۇ ئادەم بۇرۇن باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئاز - تولا ساۋاتلىق بولغان «يېزا زىيالىيسى» ئىدى. شۇ چاغلاردا مودىغا ئايلانغان تەشۋىقات ئىبارىلىرىنى خېلى قاملاشتۇرۇپ سۆزلىيەلەيتتى.

ئۇنىڭ «ئىنقىلابىي قىزغىنلىقى»نى بەس كارىغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئەپچىل بىر چارە ئويلاپ تاپتىم.

—بۇلارنى ئالايىتەن سىزگە ئالغاچ كەلدىم، —مەن سومكامدىن چىقارغان ئىزناك بىلەن «ئۆزۈندە» كىتابىنى ئۇنىڭغا تەڭلىدىم.

گويا مېنىڭ سوۋغا تەقدىم قىلىشىم بۇرۇنلا بېكىتىلگەن ئىشتەك، ھاشىماخۇن سوۋغىلارنى ھېچقانداق تەكەللۇپسىزلا تاپشۇرۇۋالدى ۋە ئىزناكنى تۆش يانچۇقىنىڭ ئۈستىگە تاقاپ بولغاندىن كېيىن:

—رەھمەت، ئىنقىلابىي قوشۇندىكى جەڭچىلەر بىر - بىرىمىزگە مۇشۇنداق كۆيۈنىشىمىز كېرەك، شۇنداق ئەمەسمۇ!—دەپ قويدى.

ئۇنىڭ يەنىلا ئۆزەڭگىدىن تولۇق چۈشكىنىسى يوقتەك قىلاتتى. شۇڭا تۇغقانلارغا دەپ ئالغاچ كەلگەن ھىلھىلە ياغلىقتىن بىرنى سومكىدىن چىقىرىشىمغا توغرا كەلدى. بۇ خىل ياغلىق شەھەردە قاراڭغۇبازار سودىسى ئارقىلىق پەيدا بولغان بولۇپ، باھاسى خېلىلا قىممەت ئىدى. ئەمما مەن بازار باشقۇرۇش كومىتېتىدىكى بىر ئاغىنەم ئارقىلىق ئەسلى باھاسى بويىچە بىر نەچچىنى سېتىۋالغانىدىم.

—بۇنى ئايالىڭىز ئارتار، —ياغلىقنى ئۇنىڭ ئالدىغا سۈردۈم - دە، ئىپادىسىگە دىققەت بىلەن نەزەر سالدىم.

—بۇ ... بۇ ... قاملىشارمۇ؟—دېدى ھاشىماخۇن سەل ھودۇققاندەك بولۇپ، ئەمما كۆزلىرى خۇددى شورپىنىڭ يۈزىدەك يالتىراپ كەتتى. قارىغاندا، بۇ كېيىنكى سوۋغا ئۇنى تېخىمۇ خۇشال قىلىۋەتكەندەك تۇراتتى.

—قاملاشمايدىغان نېمىسى بار؟ بىز بىر سەپتىكى جەڭچىلەرغۇ، بىر - بىرىمىزگە ياردەملەشمىسەك بولامدۇ؟!

—شۇنداق ... شۇنداق، —دېدى ئۇ ۋە «ئۆزۈندە» كىتابىنى يېنىدىن زادى ئاجراتمايدىغان ماشرىڭ لاتا سومكىسىغا سېلىۋېتىپ، ياغلىقنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆرگىلى تۇردى.

ئەسلىدە ئۇنىڭغا مۇنداق سوۋغىلارنى تەقدىم قىلىشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرگەن ئەمەس، بىراق، كۈتۈلمىگەن تازا تار كوچىدا دوقۇرۇشۇپ قالدۇق. مەنغۇ ئەتىلا شەھەرگە قايتىپ كېتىمەن. تېخى ئۇنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «ۋىلايەتتىكى چوڭ كادىر» دېگەن ئاتىقىمۇ بار. شۇڭا، ئۇ ماڭا چېقىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. بىراق، مەن كەتكەندىن كېيىن ئانامنى ئاۋارە قىلمايدۇ دېگىلى بولامدۇ، ئاخىر. بۇرۇنقىلار «خىزىر يىراقتا چاغدا يېقىندىكى قاراقچىدىن پەخەس بول» دەپ بىكار ئېيتمىغان-دە.

—ھاشىماخۇن، —دېدىم مەن بىر ئازدىن كېيىن ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۆزۈمگە قارىتىپ، — ئانامغا مەن تەربىيە بېرەي ...

— ئۆزلىرى مۇنداق دەپ تۇرغان يەردە لەۋزىلىرىنى ئالمىساق بولامدۇ؟ —باشقىلارنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىش ئۇنىڭ ئادىتى بولسا كېرەك، بۇ قېتىممۇ سۆزۈمنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا يول قويمىدى، — مەيلى، ھازىرچە ناماز ئوقۇپ تۇرسۇن، ئەمما، باشقىلار كۆرۈپ قالمىسۇن. «غورا —غورىنى كۆرسە ئالابولاپتۇ» دېگەندەك دورايدىغانلار چىقىپ قالمىدۇ، باكا.

ئىككى رەكەت پەرزنى ئوقۇش ئۈچۈن ئۇنچىۋالا كۆپ ۋاقىت كەتمەيتتى. بىراق، ئانام ھاشىماخۇن بىلەن سۆزلىشىشنى خالىمىدىمۇ، ياكى بۈگۈن ئاللاھقا قىلىدىغان ئىلتىجالىرى تېخىمۇ كۆپمىكىن، ئەيتاۋۇر جاينامازدىن ئوڭاي تۇرمىدى. بىزنىڭمۇ يەنە قىلىشىدىغان سۆزىمىز قالمىغانىدى. شۇڭا، ھاشىماخۇن ئانامغا ئاخىرقى قېتىم بىر قاراپ قويدى-دە، مەن بىلەن خوشلىشىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئارىدىن كۆپ يىللار ئۆتۈپ كەتتى، نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ھاياتنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىشلەر ئىچىدە مەۋجۇت بولىدىغانلىقى، يېڭى شەيئىلەرنىڭ كونىلىرىنىڭ ئورنىنى باسىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. مانا بۇ — تەرەققىيات، دىئالېكتىكا، ئۇنىڭغا شەك كەلتۈرگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما، راستىمنى ئېيتسام، ھاشىماخۇندەك ئەشۇ يىللاردا دىندىن، خۇدادىن ئۈزۈل - كېسىل ئادا - جۇدا بولغان بىر «توق قىزىل ئىنقىلابچى»نىڭ بۈگۈنكى كۈندە مەسچىتنىڭ مەزىنى بولۇپ قېلىشىنى ھېچ ئەقلىمگە سىغدۇرالمىدىم. ئۇ، ئەينى يىللاردا قاقالتىردىن ياسالغان كانايىنى ئاغزىغا تۇتۇپ، كۈندە نەچچە ۋاق ئەزالارنى ئىشقا، مەجلىسكە ھەيدەپ ۋارقىرايتتى، ئاۋازى ئەتراپتىنىڭ چەت-چۆرىلىرىگىچە تولۇق ئاڭلىناتتى ۋە بىچارە دېھقانلار ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ غۇدۇراشسىمۇ، قارغاشسىمۇ، لېكىن، ئىسسىق ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقا، ئالدىدىكى تامىقىنى چالا تاشلاپ قويۇشقا مەجبۇر بولۇشاتتى. بۇنىڭ بەدىلىگە ھاشىماخۇن «سولتەك»نىڭ ئورنىغا «كاناي» دېگەن يېڭى لەقەمگە ئېرىشكەن. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ يەنە ھەر كۈنى بەش قېتىم ۋارقىرايدىكەن. ئەمما ھازىر قاقالتىر كاناي بىلەن ئەمەس، ئىككى قولىدا قۇلىقىنى تۇتۇپ بار ئاۋازدا توۋلايدىكەن. ئاۋازى پۈتۈن ئەتراپتىكە تولۇق ئاڭلىنامدۇ-يوق، بىلمىدىم، ئەمما مەھەللىنى بېشىغا كىيىدىكەن. ئەينى يىللاردا ھەر ھالدا ئۇيغۇر تىلى بىلەن ۋارقىرايتتى، ھازىر بولسا، مەنىسىنى ئۆزىمۇ تولۇق چۈشەنمەيدىغان ئەرەبچە ئىبارىلەرنى تەكرارلايدىكەن...

بۇنىڭمۇ بىر خىل ئۆزگىرىش ئىكەنلىكى ئېنىقتۇ، ئەمما ئۇ قايسى خىلدىكى ئۆزگىرىش؟ ئۇنىڭ دىئالېكتىكا ئەمەسلىكى تۇرغان گەپ، ئۇنداق بولسا ئۇ زادى نېمە؟ ئۇنىڭغا قانداق كۈچ تۈرتكە بولۇۋاتىدۇ؟...

ئاكام بىلەن چوڭ ئوغلى مەسچىتكە كەتتى. ئانام بىلەن يەڭگەم جاينامازغا ئولتۇرۇشتى. ئابدۇكېرەم ئىككىمىز ھويلىغا چىقتۇق. ئابدۇكېرەم قويلارغا چۆپ سېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئېغىل تەرەپكە كەتتى. مەن ئۈزۈم باراڭلىقىنىڭ تۆۋرۈكىگە يۆلىنىپ يەنە خىيالغا

چۆكتۇم. ئاسمان يۇلتۇزلارغا تولغانىدى.
ئوغاقتەك يېڭى ئاي ئاستا ئۈزەتتى، دەرەخ
يوپۇرماقلىرى نۇر ئىلكىدە پارقىرايتتى. لې-
كىن مېنىڭ كۆڭلۈم خىرە. مەن مىللىتىمىز-
نىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدە ـ ئىلىم ـ مەرىپەت رو-
ناق تاپقان مەزگىللەر ۋە جاھالەت پەرلىرى
ھەممە يەرنى ئىس ـ تۈتەككە تولدۇرۇۋەتكەن
زامانلار توغرىسىدا ئويلىدىم. تارىخىمىز قا-
چاندىن باشلانغان خەلق ئىدۇق بىز؟ بىر مۇن-
چە مىللەتلەر تېخى يېرىم ياۋايى ياكى ئىپ-
تىدائىي تۇرمۇش شارائىتىدا ياشاۋاتقان مەز-
گىللەردە بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز شەھەرلەر،
ھەشەمەتلىك ئوردا ـ قەسىرلەر بىنا قىلغان،
يېزىق ئىجاد قىلىپ، قانۇنلارنى تۈزگەن،
ئابىدىلەر تىكلىگەن ئەمەسمىدى. بۇددا مە-
دەنىيىتىگە تەلپۈنگۈچىلەر ئۆگىنىش ئۈچۈن
يىراق جايلاردىن يۇرتىمىزغا كەلگەن. مۇزى-
كانتلىرىمىز، ئۇسسۇلچىلىرىمىز ۋە رەسساملى-
رىمىز باشقا يۇرتلارغا بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ
كامالەتكە يەتكەن ماھارەتلىرى بىلەن كۆر-
گۈچىلەر، ئاڭلىغۇچىلارنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇ ـ
رۇشقان. فارابى، مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپخاس
ھاجىپتەك بۈۋىلىرىمىز ئالەمشۇمۇل كىتابلار-
نى يېزىشقان. خاقانىيەدىكى ئىلىم يۇرتلىرى
نەچچە ئەسىرگىچە مەركىزىي ئاسىيادىكى ئى-
لىم ـ مەرىپەت بۇلىقىغا ئايلانغان

قاچانكى خۇراسان ۋە ماۋرەھۇننەھىر
دىكى دىنىي مەزھەپ كۈرەشلىرى (ئەمەلىيەت-
تە سىياسىي ـ ھوقۇق كۈرەشلىرى)دە يېڭىلىپ
رەسۋاسى چىققان خوجا ـ ئىشانلار زېمىنى-
مىزگە ئاياغ باسقاندىن بۇيان. جاھالەت
تۇمانلىرى ھەممە يەرنى قاپلىدى. شادىيانە
ناخشا ـ مۇزىكىلار ئورنىنى تەركى دۇنياچى-
لىقنى تەلەپ قىلىدىغان ھۆكمەت ۋە ساپايىنىڭ
چۇشكۇن، يىغلاڭغۇ ئاھاڭلىرى ئىگىلىدى.

مەدرىسلەر تاشلىنىپ، يېڭى مازايى ـ ماشايىق-
لار، تورۇسلىرى نەشە ئىسلىرى بىلەن كۆ-
كەرگەن گۈمبەزلەر قەدكۆتۈردى. . .

لېكىن، ئۇلارغۇ تارىخ، ئۆتمۈشكە ئايلان ـ
غان تارىخ! ھازىر بىز ئېلېكترون ۋە ئۇچۇر
دەۋرىدە ياشاۋاتىمىز، ئەمما، ھازىر ئىنسانى-
يەتنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت گۈلزارلىقىدا قاز ـ
چىلىك گۈل ئۆستۈرەلىدۇق؟ ئىسلام دىنى
بەرپا قىلىنغان دۆلەتنىڭ ۋەلىي ئەھدىسى
ئۇچار كېمىگە ئولتۇرۇپ ئالەم بوشلۇقىنى
سەيلە قىلىشقا جۈرئەت قىلدىيۇ، لېكىن بىزدى ـ
كى خوجا ـ ئىشانلار ۋە ئۇلارنىڭ بەزى ئە-
گەشكۈچىلىرى تېلېۋىزور كۆرۈشنى دىنىدىن
چىققانلىق دەپ جاكارلىشىۋاتىدۇ. ئىبراھىم
خەلىلۇللانىڭ ئەۋلادلىرى① ئىلىم ـ پەن ئار-
قىلىق تەبىئەتنىڭ سىرىنى ئېچىپ، ئەرەب
سەھرالىرىدا كۆمۈلۈپ ياتقان بايلىقلاردىن
ھوزۇر ـ ھالاۋەت كۆرۈۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە،
بىزنىڭ مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان دېھقانلىرى ـ
مىز ساۋاتسىز ياكى چالا ساۋات ھالىتىدە تۇ-
رۇۋاتىدۇ. بىر مۇنچە كىشىلىرىمىز ئۆز ئەج ـ
دادى بولغان ئەفرا سىياپنى كاپىر دەپ ياماند-
لىسا، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن ئۇرۇش ـ
قان رۇستەم ۋە ماكىدونىيىلىك ئىسكەندەرنى
يېرىم پەيغەمبەر دەپ ئۇلۇغلىشىدۇ . . .

ــ نېمىنى خىيال قىلىۋاتىسىز؟

يېنىمغا كەلگەن ئابدۇكېرەم خىيالىمنى
بۆلۈۋەتتى. مەن ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ قويۇپ،
جاۋاب بەرمىدىم.

ــ ھەقىچان ھاشىم كانايىنىڭ قانداق قىلىپ
ھاشىم مەزىنگە ئۆزگىرىۋالغانلىقى ھەققىدە
ئويلىنىۋاتامسىز غۇ، دەيمەن، شۇنداقمۇ؟

ئابدۇكېرەمنىڭ چېچەنلىكى كۆڭلۈمنى
ئاز بولسىمۇ خۇش قىلدى.

① ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىتنىك مەنبەسىنى «ئىنجىل» ۋە «قۇرئان»دا تىلغا ئېلىنغان ئىبراھىم
پەيغەمبەرگە ئاپىرىپ تاقايدۇ.

— تاپتىڭ، ماڭا مۇشۇ ھەققىدە سۆزلەپ بېرەلەمسەن؟

— ھەي . . . بۇمۇ بىر خىل پەم ئىشلىتىش دەڭە، — دېدى ئابدۇكېرەم مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا، — ھاشىم كانايغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئارتۇقچىلىقى پەم ئىشلىتىپ، شارائىتقا ماسلىشىۋېلىش بولسا كېرەك. ئۇلار قانداق قىلغاندا ئوڭاي نەپكە ئېرىشىشنىڭ يولىنى ئۆگىنىۋالىدىكەن. ئىلگىرى يىللاردا مۇنداق كىشىلەر ئۈچۈن كادىر بولۇش — ئەنە شۇنداق نەپكە ئېرىشىشنىڭ ۋاسىتىسى بوپتىكەن. ئەمما، ھازىر كوللېكتىپتا يۇلۇۋالغىدەك نەپ قالمىدى. ئەكسىچە، دىنىي سىياسەتنىڭ كەڭ قويۇۋېتىلىشىگە ئەگىشىپ ھاشىم كانايمۇ كادىرلىقنى چۆرۈپ تاشلاپ، مەزىنلىك سەللىسىنى بېشىغا ئوردى. گەرچە ئۇنىڭغا ئىماملاردەك چوڭ نەپ تەگمىسىمۇ، ئۆزىگە چۇشلۇق تاپاۋەتتىن قۇرۇق قالمايدۇ . . .

ئاندىن ئۇ، يېزىمىزدا ئەۋج ئالغان بۇ خىل تاپاۋەت يوللىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. ئابدۇكېرەم ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئائىلىگە قايتقان «زىيالىي» بولسىمۇ، ئۇنى ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەققىدە مۇنچىلىك پىكىر قىلالار دەپ ئويلىمىغانىكەنمەن. شۇڭا ئۇنىڭ چېۋەرلىكىگە خېلى قايىل بولدۇم. بىراق، مەن ئۈچۈن بىر ئەھۋال يەنىلا ئېنىق بولمايۋاتاتتى.

— كىشىلەر ھاشىم كانايىنىڭ ئۆتمۈشىنى شۇنچە تېز ئۇنتۇپ كېتىشتىمۇ؟ بۇرۇن دىنىي پائالىيەتلەرگە چىش - تىرنىقى بىلەن قارشى تۇرغان مۇشۇنداق بىر ئادەمنىڭ مەزىن بولۇشىغا ئەجەب يول قويۇپتىغۇ؟

— بايا ھەممە ئىش پەمگە باغلىق دېدىمغۇ. ھاشىم كاناي ئۈچ يىل بۇرۇن بېلىم ئاغرىيدۇ، دەپ ئەترەت باشلىقلىقىدىن ئۆزلۈكىدىن قالغانىدى. دادامدىن ئاڭلىشىمچە، شۇندىن كېيىن ئۇ مەسچىت قەۋمىنى ئىككى - ئۈچ قېتىم ئۆيىگە چاقىرىپ مېھمان قىپتۇ. «بۇرۇن كۆپ گۇناھلارنى سادىر قىلدىم، — دەپتۇ ئۇ يىغلامسىراپ، — ئەپۇ قىلساڭلار، بۇندىن كېيىنكى ئۆمرۈمنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىپ، گۇناھلىرىمغا تۆۋە قىلىش بىلەن ئۆتكۈزمەكچىمەن.» بىزنىڭ كىشىلىرىمىزنى بىلمىسىزغۇ، ئاچچىقى كەلگەندە بىر - بىرىگە پىچاق تەڭلەشكىنى بىلەن، ئەتىسى قارىسىڭىز، بىر داستىخاندا يانمۇ - يان ئولتۇرۇپ، ھەر قايسىسى پولونىڭ گۆشىنى ھەمراھىسىغا تەرەپكە سۈرۈپ قويۇۋىدىغان خەق ئەمەسمۇ. ھاشىم كانايىنىڭ مېھماندارچىلىقىدىنمۇ كۆرە، گۇناھلىرىغا تۆۋە قىلىپ ئىخلاسمەن مۇسۇلمان بولۇشقا بەل باغلىغانلىقى بەكرەك تەسىرلەندۈرگەن بولسا كېرەك، «گۇناھكارنىڭ تۆۋە قىلىشى ئۇلۇغ ساۋابتۇر. مۇشۇ كىشىنى ئاردىمىزغا ئېلىپ، توغرا يولغا باشلايلى» دېيىشىپتۇ. ھاشىم كاناي ھەر كۈنى مەسچىتكە ھەممىدىن بۇرۇن بېرىپ، كېيىن قايتىدىغان، ئىمامغا ئالاھىدە يېقىنچىلىق قىلىدىغان بوپتۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە قانداق مەخپىي يېقىنچىلىقلارنىڭ بارلىقى كىشىلەرگە نامەلۇم، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ مەزىن بولۇش نامزاتى تۇنجى قېتىم ئىمام تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپتۇ. ئاۋازىنىڭ ئۈنلۈك ئىكەنلىكى ئالاھىدە ماختىلىپتۇ. بىزنىڭ قېرىلىرىمىزنى سەركە قەيەرگە باشلىسا، شۇ ياققا ماڭىدىغان قوي پادىسى دېسەك قىلچە ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. «ئىمام ئاخۇنۇم شۇنى لايىق كۆرگەن بولسا، بىز نېمە دەيتتۇق» دەپ دەرھال قوشۇلۇپتۇ ئۇلار. قورساقنىڭ كەڭ بولۇشىغۇ ئەلۋەتتە ياخشى ئىش. لېكىن

بىزنىڭ مەھەللىدىكىلەرنىڭ كەڭ قورساقلىقىغا ھاماقەتلىكىمۇ خېلى كۆپ ئارىلاشقان دەگە. شۇنداق قىلىپ بىر پۇرسەتپەرەس قىزىل كۆزنى مەزىن قىلىپ يەنە تۆرگە ئۆتكۈزۈپ قويۇشتى. قاراپ تۇرۇڭ، ئەگەر ئەھۋالدا يەنە ئۆزگىرىش بولۇپ، مەزىنلىكتىن نەپ كەلمەيدىغان بولۇپ قالسا، ئۇ ھەممىدىن بۇرۇن سەللىنى شەپكىگە ئالماشتۇرىدۇ. ھەتتا ئۆزىگە ھامىي بولغان ئىمامىنىمۇ سېتىۋېتىشتىن يانمايدۇ، — ئابدۇكېرەم سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە قوشۇپ قويدى، — ھەي، دېگەن بىلەن ھاشىم كاناي مەزىنلىكنى ئەترەت باشلىقلىقىدىنمۇ بەكرەك قاملاشتۇرۇۋەتتى دەگە. «نامازنى مەسچىتكە بېرىپ ئوقۇمىغانلارنىڭ ئۆيىگە كىرمەيمىز، سالاملاشمايمىز، تويىغا بارمايمىز، نامىزىنى چۈشۈرمەيمىز» دېگەندەك بىر قاتار پەتىۋالارنى مەھەللىدە تۇنجى قېتىم شۇ ئوتتۇرىغا قويدى. مەسچىتكە ئىمانە توپلاش باھانىسىدا ھەر خىل سېلىقلارنى ئويلاپ چىقاردى. قاراپ تۇرۇڭ، ئەتە ئۇ تېخى سىزنىمۇ مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇشقا، ئىمانە بېرىشكە سۆيلەپ كېلىدۇ.

— مېنى مەجبۇرلىيالمايدۇ، — دېدىم مەن كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئەمما، مانا بۈگۈن سەن ناماز خۇپتەنگە بارمىدىڭ، ئەمدى ھاشىم مەزىن تويىڭغا كەلمەيدىغان بولدى - دە.

— كەلمىسە تېخى ياخشى، بىر لىگەن پولۇغا پايدا.

ھەر ئىككىمىز ئىختىيارسىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

* * *

ئۇرۇق - تۇغقانلار پاراڭلىشىپ كەچ ئۇخلىغانىدۇق. تازا شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان چېغىمدا ئاللىقانداق شاۋقۇن - سۈرەندىن ئويغىنىپ كەتتىم. نېمىدۇ غىژىلدايتتى، كىمدۇ يۇقىرى ئاۋازدا ئاللىنېمىلەرنى ئوقۇۋاتقاندەك، كىملەردۇر بوغۇق ئاۋازدا يىغلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. قانچە قىلسامۇ بولمىدى - زادى ئۇخلىيالمىدىم. بىردىنلا ھېلىقى يىغا ئاۋازى «ھا - ھۇم»، «ھا - ھۇم» دېگەن رېتىملىق تاۋۇشقا ئايلاندى. ھوي، بۇ - ھەلقە تۈزەپ جەرە سېلىشقۇ!؟ بۇرۇن يۇرتىمىزدا بىرەر كىشى ئۆلسە، يەرلىككە قويۇشتىن ئىلگىرى شۇ ھويلىدا مۇشۇنداق ھەلقە تۈزەپ جەرە سالىدىغان، ئاۋازى ياڭراق بىر ھاپىز خوجا ئەھمەد يەسسەۋى ۋە سوپى ئاللاھ يارنىڭ غەزەللىرىنى ئوقۇسا، باشقىلار «ھا - ھۇم»، «ھا - ھۇم» دېگىنىچە ئوڭ - تەتۈر سەكرىشىدىغان ئادەت بار ئىدى. قاچانكى «ھا - ھۇم»چىلاردىن بىر نەچچىسى بېشى ئايلىنىپ يىقىلىپ، ئاغزىدىن كۆپۈك قايناپ چىقىشقا باشلىغاندىلا جەرە سېلىش ئاياغلىشاتتى - دە، ھاپىز ئىككى قولىنى تۇتقان پېتى ئاھاڭنى ئۆزگەرتىپ، دىنىي مەزمۇندىكى قەسىدە ئوقۇشقا كىرىشەتتى. باشقىلار بولسا تىزلىنىپ ئولتۇرۇشقان ھالدا ھۇ تارتىپ يىغلىشاتتى. كېيىن يەنە جەرە سېلىش تەكرارلىناتتى . . .

شۇ تاپتا ئاڭلاۋاتقىنىممۇ دەل شۇ ئىش ئىدى. ھوي، كېچە قوشنىلاردىن بىرەرسى قازا قىلدىمۇ - نېمە؟ كۆڭلۈم ئۆيەپ دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.

نېرىقى كارىۋاتتا ياتقان ئابدۇكېرەممۇ ئويغىنىپ كەتكەنىكەن.

— تاغا، نېمىشكە تۇرۇۋالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ھەلقە . . .

— ھە، ئۇخلاۋېرىڭ. مەسچىتنىڭ ئۆگزىسىگە ئورنىتىلغان يۇقىرى ئاۋازلىق كانايدىن

چىقىۋاتىدۇ ئۇ.

— نېمە، نېمە؟ بۇ گېپىڭنى چۈشەنمىدىمغۇ . . .

— ھاشىم كاناي ھەر ئائىلىگە 30 كويدىن سىلىق سېلىپ ئۈن ئالغۇ سېتىۋالغان. دەسلەپتە قۇرئان سۈرىلىرى، تەپسىرلەر ۋە مۇشۇنداق ھەلقە - ھۆكمەتلەر كۆچۈرۈلگەن لېنتىلەرنى ناماز ئوقۇشتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن مەسچىت ئىچىدىلا ئاڭلىتاتتى. كېيىن يۇقىرى ئاۋازلىق كاناي سېتىۋېلىپ ئۆگزىدىگە ئورناتتى - دە، سىم بىلەن ئۈن ئالغۇغا تۇتاشتۇردى. شۇندىن بېرى مۇشۇنداق يېرىم كېچە بولار - بولمايلا ئۈن ئالغۇنى قويۇۋېتىدۇ. ئادەم تۇرماق توخۇلارغىمۇ ئۇيقۇ يوق.

— تېخى بامدات نامىزىغا خېلى ۋاقىت بارغۇ، پىكىر قىلمىدىڭلارمۇ؟

— بىر نەچچە ياشلار نارازىلىق بىلدۈردۇق. لېكىن، ئادەم قېرىغانسېرى ئۇيقۇسى كېمىيىپ كەتسە كېرەك. ھاشىم كانايىنىڭ بۇ ئىشىدىن تولىمۇ رازى بولۇشقان قېرىلار بىزنىڭ پىكرىمىزنى نەزەرىگىمۇ ئىلمىدى، ئەكسىچە، بىزنى دەھرىلىكتە ئەيىبلەشتى.

بايا چالا ئۇيقۇلۇقتا تازا پەرق قىلالمىغانىكەنمەن، ئەمدى ئېنىق بىلدىم. كانايدىن چىقىۋاتقان تەركىدۇنياچىلىقنى چاقىرغۇچى بوغۇق ئاۋاز مەھەللىنىلا ئەمەس، پۈتۈن كەنتنى بېشىغا كەيگەنىدى. شۇ تاپتا قانچىلىغان بىمارلار بىئارام بولۇۋاتقاندۇ؟ قانچىلىغان بوۋاقلار ئۇخلىيالماي يىغلىشىۋاتقاندۇ؟ . . .

خىيالىم يەنە ئىختىيارسىز ھالدا يىگىرمە يىل بۇرۇنقى ئىشلارغا كۆچتى. ئۇ چاغلاردىمۇ تېخى توخۇ چىللىماستىنلا ھاشىم كانايىنىڭ ئاۋازى تۈن قوينىنى يېرىپ مەھەللە ئۈستىدە ياڭرايتتى:

— ئەزالار، ئورنىڭلاردىن تۇرۇڭلار، ئەتىگەنلىك ساداقەت بىلدۈرۈشكە يىغىلىڭلار!!

ھاشىم كاناي بۇ ئومۇمىي چاقىرىقنى بىر نەچچە قېتىم تەكرارلاپ بولغاندىن كېيىن، ئايرىم ئادەملەرنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرىشقا باشلايتتى:

— ھاي قۇدرەت بوزچى، ھاي نىساخان، قۇچاقلىشىپ يېتىۋەرمەڭلار ئەندى!

— ھاي ھەسەن توكۇر، ھاي مەختۇمخان، دەرھال كەلمىسەڭلەر كۆرەشكە تارتىمەن بىكار!

— ھاي ساتتار قورۇق ...

— ھاي جۇمە گاچا ...

— . . . . . . . . . . . .

كىشىلەر غودۇرۇشاتتى، ھاشىم كانايىنى «پاتراق ئۆلسىچۇ كاشكى» دەپ قارغىشاتتى. ئەرلەر كىيىملىرىنى چالا كىيىپ، بالىلىق ئاياللار بوۋاقلىرىنى ئەللەيلىشىپ كىچىك ئەترەت ئىشخانىسىغا قاراپ مېڭىشاتتى، ئىشقىلىپ، چوڭىنىڭمۇ، كىچىكىنىڭمۇ ئۇيقۇسى بۇزۇلاتتى . . .

بۇرۇنقى ھاشىم كاناي، بۈگۈنكى كۈندىكى ھاشىم مەزىن. ھازىرغۇ ئەتىگەنلىكى ھېچكىمنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرمايدىكەن، ئەمما، ئوخشاشلا كىشىلەرنىڭ ئۇيقۇسىنى ھارام قىلىدىكەن. كىشىلەر ھازىرمۇ بۇرۇنقىدەك غۇدۇرامدىغاندۇ؟ قارغامدىغاندۇ؟

— بۇ قارغىش تەگكۈر كانايىنى بۇرۇنلا كۆزدىن يوقىتىۋەتمەكچىدىم، لېكىن، دادام قارشى تۇرۇپ رۇخسەت قىلمىدى، — دېدى ئابدۇكېرەم خىيالىمنى بۆلۈپ، — دادامغا بىكار دەپتىمەن دەڭە. ئەمما، ھامىنى بىر كۈنى شۇنداق قىلماي قويمايمەن.

مەن چۆچۈپ كەتتىم.

— نېمە؟ ھاشىم كانايىنى . . . . .

— ياقەي، نېمىلەرنى ئويلاپ يۈرۈسىز؟ مېنىڭ قولۇمدىن قۇچقاچ ئۆلتۈرۈشمۇ

كەلمەيدۇ. مەسچىتنىڭ ئۈگزىسىدىكى ئاۋۇ كانايىنى پاتقاقتا پاتۇرۇۋېتەي دەيمەن.

بىھۇدە گۇمان قىلغانلىقىمدىن خىجىل بولۇپ كۈلۈمسىرىدىم.

— بۇنىسىنى يوقاتساڭ، يېڭىسىنى ئالار.

— شۇنى دەڭە. يەنە خەقتىن كاناي پۇلى يىغىدۇ بۇ ھاشىم دىۋانە.

ھاشىم ئاخۇنغا ئەندى «دىۋانە» دېگەن يېڭى لەقەم قويۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتىم.

— لەقەم قويۇشقىمۇ ئۇستىكەنسەن، ئابدۇكېرەم.

— لەقەمنى شۇ كىشىنىڭ ئۆزى تاپىدۇ دەڭە، — دېدى ئابدۇكېرەممۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

* * *

ئەتىگىنى ئەمدىلا ناشتىغا ئولتۇرۇشىمىزغا ئىشىك تەرەپتىن:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

قارىسام ھاشىم مەزىن ئىكەن. ئانام، ئاكام باشلىق ھەممەيلەن دۇررىدە ئورنىدىن تۇرۇشتى. مەنمۇ مېھماننىڭ ھۆرمىتى يۈزىسىدىن قوپۇپ سالاملاشتىم.

— ھە، ئۆزلىرى كەپتىكەنلا، — دېدى ئۇ تۆرگە ئۆتۈۋېتىپ، — بىلمەي قاپتۇق، بولمىسا ئىستىقباللىرىغا چىققان بولاتتۇق.

مەن ئىنىدىمەستىن مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈمسىرەپ قويدۇم.

ھاشىم مەزىن تەكەللۇپسىزلا ئالدىدىكى چاي قويۇلغان پىيالىغا كىچىك بالىنىڭ مۇشتىدەك ناۋاتنى سالدى ـ دە، نانىنىڭ گىرۋىكى بىلەن قوچىغاچ سۆزگە كىرىشتى:

— ئاللاھ تائالا زۇۋۇللىرىنى چوڭ ئۇزۇپتىكەن. ۋىلايەتتىنمۇ ئۆسۈپ، ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېتىپلا. ئىنشائاللاھ، نۇسرەت ئىقباللىرى تېخىمۇ چوڭ بولغاي، ئامىن!

ئۇ دەرھال قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، ئىچىدە نېمىلەرنىدۇ ئوقۇدى ـ دە، يۈزلىرىنى سىيپىدى. ئاندىن گويا ماڭا چوڭ بىر خەزىنىنى ھەدىيە قىلغان كىشىدەك مەغرۇر كۈلۈمسىرەش بىلەن قارىدى. لېكىن، مەن ئۇنىڭ چىرايىدىكى كۈلكە ئارىسىغا ئاللىقانداق تاماخورلۇق ۋە مەككارلىق ئىپادىلىرى يوشۇرۇنغاندەك ھېس قىلدىم.

— رەھمەت، دېگەنلىرى كەلگەي مەزىن ئاخۇنۇم، — دەپ مەن ئۇچۇن تەشەككۈر بىلدۈردى ئانام.

مەن ھاشىم سولتەكىنىڭ ئاغزىدىن ئەندى خۇددى دىنىي ئۆلىمالارغا خاس ئىبارىلەرنىڭ چىقىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدىم. شۇنداقتىمۇ بىلمەسكە سېلىپ:

— ھازىرمۇ خىزمىتىڭىز ئۇنۇملۇك يۈرۈشۈۋاتقاندۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— تېخى ئاڭلىمىغان ئوخشايلا، — ئۇ، تۇغقانلىرىمغا گويا: «مېنىڭ ھازىر كىملىكىمنى نېمىشقا ئېيتمىدىڭلار» دېگەندەك ئەيىبلەش نەزەرىدە قاراپ قويغاندىن كېيىن، ئالدىدىكى ناۋات ئېرىتىلمىسى بىلەن تويۇنغان چاينى تۈگىتىپ ئىچىۋېتىپ، سۆزىنى داۋام قىلدى: — سىلە دېگەن خىزمەتتىن بۇرۇنلا بوشانغانىدۇق. كېيىن پېقىرنى جامائەت مەسچىتىگە مەزىن قىلىپ سايلىشىۋالدى. ئىشقىلىپ، ھازىرمۇ ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ يۈرۈۋاتىمىز.

ئىختىيارسىز كۈلكەم قىستىدى. ئۇ، ئەترەت باشلىقى بولغان چاغلاردا يۇقىرىقىدەك سوئال سورالسا، دەرھال:

— كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار ئەترەتكە باشلىق قىلىپ سايلىشىۋالدى. ئىشقىلىپ، ئىنقىلابىي ئامىمىنىڭ خىزمىتىنى

قىلىپ يۈرۈۋاتىمىز، — دەپ جاۋاب بەردىتتى. راست، ئابدۇكېرەم ئېيتقاندەك، خېلى يەمى بار ئادەم ئىكەن، بۇ، سولتەك.

ئۇنىڭ بىلەن ئەسلا پاراڭلاشقۇم يوق ئىدى. بىراق، ئاللىقانداق ۋەسۋەسە تۈپەيلىدىن بىر سانجىۋالغۇم كەلدى.

— مەزىن بولدۇم دېسىلە، قىلغان خىزمەتلىرىڭگە لايىق ھەقمۇ ئالىدىغانلا.

«سىز»نى «سىلە»گە ئۆزگەرتكەنلىكىم كۆڭلىگە تازا ياققان بولسا كېرەك، ياغاق يۈزىدە ھەم كۈلكە ھەم قانائەتلەنگەنلىك ئىپادىسى ئەكس ئەتتى. ئۇ ئوڭ قولىدا ئۆچكىنىڭ قويرۇقىدەك بىر تۇتام ساقىلىنى سىپاپ قويدى.

— بىزنىڭ ئىشىمىز تامامەن ئاللاھ يولىدىكى خالىس خىزمەت دېسىلە، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەرگىز ھەق ئالمايمىز.

— ئۇنداقتا، جامائەتلىرى بەك نائىنساپ ئوخشىمامدۇ؟ ئۆشرە-زاكات، سەدىقە-پىتىرلارنى يالغۇز ئىمامغىلا بەرسە ئادىللىق بولماس. كۈندە بەش قېتىم چىڭقىلىپ ۋارقىراش ئوڭاي ئىشمۇ!؟ دائىم ياغلاپ تۇرمىسا، پولاتتىن ياسالغان كاناي بولسىمۇ چىدىماس...

— ھى...ھى...ھى، چوڭ دېگەنىنىڭ تىلىمۇ ئىتتىكتە، — دەپ قولاشمىغان ھالدا خىرقىراپ كۈلدى ھاشىم مەزىن ۋە يىت كۆزلىرى تېخىمۇ يۇمۇلۇپ كەتتى، — پېقىرنىڭ كونا لەقىمىنى تۇتۇۋېلىپ بىر كەلتۈرۈۋالىدە.

تۇغقانلار مەزىننىڭ ئاخۇنۇمنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى تەستە بېسىپ ئولتۇرۇشقانىكەن، ئۆزى باشلاپ كۈلۈپ بەرگەنىدىن كېيىن باشقىلارمۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىشتى، بولۇپمۇ ئابدۇكېرەم راسا پۇخادىن چىقىۋالدى.

— ئۆشرە - زاكات، سەدىقە - پىتىر دې-

گەنلەردىن پېقىرغىمۇ ئانچە - مۇنچە تېگىپ تۇرىدۇ. لېكىن، بىزنىڭ خىزمىتىمىز تامامەن خالىس، خۇدا يولىدىلا كۆيۈپ — پىشىمىز.

— قۇرئانى كەرىمدە ۋە ھەدىس مۇبارەكتە: «ئۆشرە - زاكات، سەدىقە - پىتىرلارنى يېتىم - يېسىر، غېرىب - غۇرۋالارغىلا بېرىش لازىم، قول ئىلكىدە بار دىنىي ئەربابلار ئۇنى قوبۇل قىلماسلىقى كېرەك» دېيىلگەن ئەمەسمىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇلارنى قوبۇل قىلسىلا ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلغان بولمامىلا؟

ھاشىم مەزىن دەماللىققا جاۋاب بېرەلمەي ھودۇقۇپ قالدى.

— ھازىر يۇرتىمىزدا ئاچىز - ئورۇقلار، غېرىب - غۇرۋالار قالمىدى. ئاۋۋال خۇدانىڭ ئىلتىپاتى، ئاندىن قالسا پارتىيىنىڭ ئادىل سىياسىتىنىڭ سايىسىدە ھەممەيلەن بېيىپ كەتتى، — دېدى ئۇ بىر ئازدىن كېيىن گويا ئەپچىل جاۋاب تاپقاندەك مەغرۇرلىنىپ، — شۇڭا جامائەت ئۆشرە - زاكاتلىرىنى بىزگە ئوخشاش دىن ئەھلىلىرىگە بېرىۋاتىدۇ. ئالمايلى دېسەك، پەرز ئادا بولمايدىكەن. شۇڭا مۇسۇلمانلارنى گۇناھلىق بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئويلىدۇق. ئەمما ئۇنى... بىزمۇ ئىشقىلىپ ... ساۋابلىق ئىشلارغا تەسەررۇپ قىلىۋاتىمىز.

ھەر ھالدا بۇ ئانچە دۆت مەزىنلەردىن ئەمەسكەن. ئىسلام ئەقىدىلىرىگە ئائىت خېلى نازۇك مەسىلىگە زامانغا لايىقلاشتۇرۇپ جاۋاب تېپىپ بېرەلىدى. مۇنداق كىشىلەرنىڭ نادان ئادەملەرنى ئوڭايلا ئالداپ كېتەلەيدىغانلىقىغا يەنە بىر قېتىم ئىشەندىم.

— ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنىڭ مەقسەتلىرىدىن بىرى — بۇرۇن ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىدىن پاكلىنىش، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدىم

مەن يەنە بىر نازۇك مەسىلىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ.

— ئەلۋەتتە شۇنداق! — ئالدىراپ جاۋاب بەردى ئۇ.

— گۇناھتىن تولۇق پاكلىنىش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئىبادەت قىلىشمۇ ئازلىق قىلىدۇ، راستمۇ؟

— شۇنداق.

— خوش، شۇنداق ئىكەن، بىرەر كىشى قازا قىلسا، ئۇنىڭ يېشىغا ياش قوشۇپ، ھەر يېشى ئۈچۈن تەخمىنىي گۇناھ ھېسابلاپ، ئاندىن ئۇنى نەق پۇلغا سۇندۇرۇپ، ھەر قايسىڭلاردەك دىن ئەھلىلىرى ھېلىقى ئاتالمىش گۇناھلار بىلەن نەق پۇللارنى قوشۇپ ئۆز زىممەڭلەرگە ئالىدىكەنسىلەر. ئۆلگۈچى پۇل تۆلەپ گۇناھتىن پاكلىنىدىكەن، سىلەر بولساڭلار پۇل ئېلىپ گۇناھكار بولىدىكەنسىلەر. بۇ ئىشىڭلار تەكرارلىنىۋەرسە، زىممەڭلەرگە ئالغان گۇناھلارمۇ كۆپىيىۋېرىدىكەن. ئۇ ھالدا سىلەر بۇ نۇرغۇن گۇناھلاردىن قانداق پاكلىنىپ بولالايسىلەر؟ قانچە پاكلىنالمىساڭلار ئاخىرەتتە دوزاختا شۇنچە كۆپ كۆيۈسىلەرغۇ!؟ ئەسلىدە، دوزىخى دەپ سىلەرنى ئاتىساق بولغىدەك، شۇنداقمۇ؟

ھاشىم مەزىن خېلىغىچە ھېچنەرسە دېيەلمىدى، چېكىلىرى ۋە بۇرنى ئۈستىدە چېكىم-چېكىم تەرلەر پەيدا بولدى، گېلىغا گويا بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك خىرقىرىدى.

— بۇ... بۇ ئۆزى، — دېدى ئاخىرى زۇۋان سۈرۈپ، ئاندىن خۇددى قاتتىق چاڭقاپ كەتكەن كىشىدەك ئالدىراپ-تېنەپ ئالدىدىكى پىيالىگە يېپىشتى-دە، ئۇنىڭدىكى چاينى غورتۇلدىتىپ ئىچىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ تالامەن ئوجۇقۇپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ، ئابدۇكېرىمگە مەنىلىك قاراپ قويدۇم. ئۇ ھاشىم مەزىنگە ھەم نەپرەت ھەم كەمسىتىش ئارىلاشقان بىر خىل نەزەردە قاراپ ئولتۇراتتى.

— بولدى بالام، مەزىنئاخۇنۇم ئانچە كۆپ ئوقۇمىغان. بۈگۈن سىزنى يوقلاپ كىرىپتۇ، مۇنداق سوراققا تارتىۋەرمەڭ، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى ئانام.

— شۇنى دېسىلە، بۇ كىشى كىم، بىز دېگەن كىم؟ — دېدى ھاشىم مەزىن ئانامنىڭ مۇرەسسەسىدىن گويا ئۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ، — بۇ كىشى ئۆز ۋاقتىدىمۇ نەدىكى توقۇناق سوئاللارنى قويۇپ، بىزنى قىيناپ ئويناشنى ياخشى كۆرەتتى. بۇ خۇيى ھازىرمۇ ئۆزگەرمەپتۇ. يېڭى دېگىنىڭ بىلىدىغىنىمۇ كۆپ، بىز دېگەن بىر قارا تۈرۈك سەھرالىق تۇرساق، مۇنداق سوئاللارغا قانداقمۇ جاۋاب بېرەلەيمىز. ھى... ھى... ھى...

ھاشىم ئاخۇن يەنە بۇرۇنقى سولتەكلىك ھالىتىگە چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ ئەمدى ھەدەپ مېنى ماختاشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭ تىل ياغلىمىلىقلىرىغا ئاران چىداپ ئولتۇردۇم. بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ بۇ ئۆيگە كىرىشتىكى ھەقىقىي مۇددىئاسى ئايان بولدى.

— مەسچىتىمىز كىچىك كېلىپ قالدى دەپ ئۇنى يېڭىلىماقچى بولۇۋېدۇق، — دېدى ئۇ داستىخان يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، — ھەر بىر ئائىلە 50 كويدىن پۇل تاپشۇرماقچى بولۇشقان، شۇنى ئۆيمۇ-ئۆي سۆيلەپ يۈرۈۋاتىمەن، بۇ يەرگە كىرىشتىكى بىر مۇددىئايىممۇ شۇ، — ئاندىن ئۇ ئاكامغا بۇرۇلۇپ سوردى، — قانداق، تەق قىلىپ قويدىلىمۇ؟

ئاكام دەرھال يانچۇقىدىن 50 كوي چىقىرىپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ھاشىم مەزىن ئەمدى ئابدۇكېرىم ئېيتقاندەك راستىنلا «ھاشىمدىۋانە»گە ئۆزگەرگەنىدى.

— كونا كەسپىلىرىنىمۇ تاشلىماپلا، — دېدىم

مەن ئاچچىق زەردە بىلەن،— بۇرۇن ئەتىرەت باشلىقى چاغلىرىدىمۇ ھەر كۈنى ئۆيمۇئۆي قەرز سۈيلەپ كىرەتتىلە.

—يەنە بىر يامپاشقا ئالدىلادە، —دېدى ئۇ ھېچبىر خىجىل بولماستىن ھىجىيىپ،— ئەمما، لېكىنزە، ئۇ چاغدىكىسى بىلەن بۇداقىسى ئوخشىمايدۇ. ئۇ چاغدا مەجبۇردىي شۇنداق قىلاتتۇق، ھازىر خالىس شاپاشلايمىز.

—راست، ئوخشىمايدىكەن، ئۇ چاغدا تاپشۇرۇۋالغان پۇللار ئۈچۈن ھۆججەت بېرەتتىلە، ھازىر بولسا پۇلنى گەپ قىلمايلا يانچۇققا ئۇردىلادە.

ھاشىم دىۋانىنىڭ چىرايى ئاۋۋال تاتىرىپ كېيىن قارىدى.

—بۇ پۇللارنى مېنى يەپ كېتەمدىكىن دەپ گۇمان قىلىۋاتاملا، —دېدى ئۇ ئەنسىرىگەن تەلەپپۇزدا،— ئۇستىمىزدە ئاللاھ ئىگەم، ئىككى مۈرىمىزدە پەرىشتىلەر قاراپ تۇرۇپتۇ. يىغىلغان پۇللارنى جامائەت جۇغلانمىسىغا تاپشۇرىمەن. ھەرۋاقىلىق نامازۋاقتىدا ئېلان قىلىپ تۇرىمىز. بىرتىيىنىنى خەجلىۋالسام دوزىخى بولۇپ كېتەي.

ئۇنىڭ خالىسلىقىغا قاتتىق گۇمانلانسامىمۇ، لېكىن ئارتۇقچە تالاشمىدىم.

يەڭگەم ئىچكەركى ئۆيدە تاماققا تۇتۇش قىلغانىدى. ھاشىم دىۋانە نەچچە قېتىم قازان - چۆمۈچ ئاۋازىغا زەڭ قويۇپ قۇلاق سېلىشقا ئۈلگۈردى. ناۋادا سۆھبەت سىيلىق داۋاملاشقان بولسىدى، ئۇ پۇل يىغىشتىن ئىبارەت «خالىس» خىزمىتىنى ئۇنتۇپ، تاماق پىشقىچە، ئېھتىمال، پىشىن نامىزىغىچە ئولتۇرغانمۇ بولار ئىدى. بىراق، مېنىڭ «تۇقۇناق» سوئاللىرىنى يەنە كولاشتۇرۇپ چىقىشىمدىن ئەنسىرىدىمۇ ئىشقىلىپ، تېزلا ئورنىدىن تۇردى. ئانام بىلەن ئاكام ئۇنى تاماق يەپ كېتىشكە زورلىۋېدى، ئۇ بىر ماڭا، بىر ئاشخانا ئۆيگە قاراپ قويۇپ، يا مېڭىشىنى، يا ئولتۇرۇشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.


—مەزىنئاخۇنۇمنىڭ خالىس خىزمىتى تاماق يېيىشتىنمۇ زۆرۈر، —دېدىم مەن ئاشكارا تەنە قىلىپ، —ئۇنى ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىشقا قويايلى.

ھاشىم دىۋانە ئامالسىز خوشلىشىپ قايتتى. ئەمما، مەن ئۇنىڭ تاكى ئىشىكتىن چىققىچە تاماق ئېتىلىۋاتقان ئۆي تەرەپكە ئۈچ - تۆت قېتىم تاماگەرلىك بىلەن قارىغانلىقىنى كۆرۈشكە ئۈلگۈردۈم.

ھاشىم سولتەك،ھاشىم كاناي، ھاشىم مەزىن، ھاشىم قەلەندەر!

بۇ ئىسىملار يىگىرمە نەچچە يىل ئىچىدە تۆت قېتىم ئۆزگىرىپتۇ. ئەمما، ئۇنىڭ ھاشىم دېگەن ئىسمى ھامان ئۆز پېتى تۇرغىنىدەك، چىرايىدىكى تاماخورلۇق، ئاچكۆزلۈك، پۇرسەتپەرەسلىك، ئىككى يۈزلىمىلىك ۋە رەھىمسىزلىك ئىپادىلىرىمۇ زادى يوقالماپتۇ. چىرايىدا بەزىدە كۈلكە، بەزىدە ھەيرانلىق ۋە بەزىدە جىددىيلىك بەلگىلىرىمۇ نامايەن بولىدىكەن، ئەمما، ئۇنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ئېچىپ بەرگۈچى تونۇش ئىپادىلەر ھامان ئۆزىنى كۆرسىتىشتىن خالىي بولالمايدىكەن.

1988-يىل 2-ئاي، خوتەن



**قاسىم سىدىق**

ماختىمايدۇ كىم تۇغۇلغان يۇرتىنى،
يوقتىمىپ ئامراقلىقىدىن خۇدىنى.
سىز تۇغۇلغان يۇرتىڭۇ شەكسىز كۆپ ئېسىل،
مەن تۇغۇلغان يۇرتىمۇ يۇرتىنىڭ ئوبدىنى.

كىمدە — كىم كۆرسە ئۆزىنى ئىلىدا،
سايە تاشلايدۇ «سۇۋادان يولىدا».
رەستىلەر گۈلگە كۆمۈلگەن، رەتمۇ -رەت،
كەتكۈسى گۈل ئىشقى مېھان دىلىدا.

ئالما يەڭ، تەممىنى ئوبدان پەم قىلىڭ،
پەمىڭىزدە ئاق ناۋاتقا تەڭ قىلىڭ.
كىمدە-كىم قىلسا بۇنىڭغا قىلچە شەك،
يېگىسىز بەستە ئۇنى سىز، جەڭ قىلىڭ.

مىسلى رەڭدار زىلچىدۇر تاغ-يايلىقى،
ئوتلىشارپاتماي ئاڭا قوي، تايلىقى...
بىزگە كۆرسەتمەس ئوتتۇز-نىڭ دەردىنى،
كۆمۈرى تۇرماق ئۇنىڭ قورايلىقى.

چىلدىسا مېھمانغا ھەرگۈل شىرنىسى،
سەيرى ئەيلەر كەمتەرىن بال ھەرىسى.
يۇتىدۇ خىسلەتكە باي بۇ سەيلىدىن،
نەچچە خىل ئاغرىقلاردىن دورىسى.


مىسلى جەننەت بۇندا قارىغاي ئورمىنى،
قىشتىمۇ بولمايدۇ يازنىڭ ئارمىنى.
شۇنچە دۇنيانى كۆتۈرگەن يەلكىدە،
بۇ ئەزىم مۇنبەت دىيارنىڭ دەرمىنى.

ئاقىدۇ شاۋقۇن سېلىپ تاغ سۇلىرى،
قىيغىتار سۇ ياقىلاپ ئاھۇلىرى.
كۆرسە بۇ گۈزەل سۈرەتنى ھەركىشى،
زەررە قالماس دىلىدا غەم-قايغۇلىرى.

قوزا - تاي قىيغاتسا كۆكلەملەر گۈزەل،
ئوي-دالا ھەتتاكى بىنەملەر گۈزەل.
بۇنچە ھۆرلۈك ئەرشتىن چۈشكەيمىدى،
بولمىسا بۇ يۇرتتا ئادەملەر گۈزەل.



# كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئوچېرىكلىرى



نىزامىددىن ھۈسەيىن

## 7. سەئىدىيىلەر زامانىدىكى ئۇيغۇر سەھىيە - تىبابەتچىلىكى

### 1. مەقسەت ئەنئەنىلىرى

ئىنسانلارنىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋى سالامەتلىكىنى ماددىي، مەنىۋى مەۋجۇدىيەت ئامىللىرى بىلەن يېتىلدۈرۈش، قوغداش، قۇرامىغا يەتكۈزۈش — ئۇيغۇر ئىلمىي سەھىيە - تىبابەتچىلىكىنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئەقەللىي مەقسەت ئەنئەنىسىدۇر. تارىخىي مەنبەلىرىمىزدىن ئايان بولۇشىچە، بۇ خىل ئەنئەنىنىڭ بىزدە ئىراىىز – (مىلادىيە كالېندارى باشلىنىش) دىن خېلى بۇرۇن شەكىللىنىپ، دۇنياۋى تىببىي پەن مائارىپى خەزىنىسىدىن ئورۇن ئالغانلىقى مەلۇمدۇر. مىلادى 6 - 7 - ئەسىرلەردە ئاسىيا تىببىي ئىلمىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى دەستۇرلىرىدىن بىرى بولغان «يېڭى تۈزۈلگەن ئۆسۈملۈكلەر قامۇسى» (خەنزۇچە) دېگەن كىتابتا كۆرسىتىلىشىچە؛ مۇشۇ كىتابتىكى 850 خىل دورا ئىچىدىن 114 خىل قىممەتلىك دورا مىلادىدىن بۇرۇن ئۇيغۇر تېۋىپلىرى تاپقان، ياسىغان، ئەنئەنىۋى مۇھىم دورىلاردىن ئىبارەت بولغان ... يەنە شۇ زامانلاردا تۇرپان، بېتىك — (گۇچۇڭ)، ئاراتۇرۇك قاتارلىق جايلاردا ئۇيغۇر تېۋىپلىرى تىبابەت ۋە يىگىنە بىلەن سانجىپ داۋالايدىغان ئورۇنلارنى تەسىس قىلىپ، ئىلمىي داۋالاش بويىچە يۇقىرى ئۈنۈملەرنى ھاسىل قىلغان. تىببىي تەربىيىلەش ئورۇنلىرىدىنى قۇرۇپ ھۆكۈمالارنى تەربىيىلىگەن. مىلادى 8 - ئەسىرلەردە، تىببىي تارىخ شەكلىدە يېزىلغان «ئۇيغۇر تىبابىتى ھۆججەتلىرى» دېگەن كىتابتىمۇ ئادەم بەدىنىنىڭ ئەزالىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە ئىكەنلىكى، ئادەمنىڭ تەبىئەت دۇنياسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەمدە كېسەلگە دىئاگنوز قويۇش، داۋالاش قائىدىلىرى تەپسىلىي شەرھلەنگەن. — مىللىي خاسلىق



---

※ بېشى ژۇرنىلىمىزنىڭ 1988- يىل 3 - سانىدا

AltunOq

خارەكتېرى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان بۇ كىتابتا، — دەپ يېزىلىدۇ «شىنجاڭ سەھىيىسى» ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىل 1- سان 16 - بېتىدە - ... ھايۋاناتلار ئىچكى ئەزالىرى، قانلىرى، كالا، قوي مۈڭگۈزلىرى، سۈيدۈك، سۈت ۋە سۈت بىلەن ياسالغان يېمەكلىكلەر، ئانار، ئەنجۈر، ھەر خىل مېۋە - چېۋە قاتارلىقلارنىڭ تىببىي داۋالاشتىكى رولى، پايدىسى، ئەھمىيىتى ... ئىچكى — تاشقى كېسەللەر، ئاياللار، بالىلار ... بۆلۈم كېسەللىكلىرىنى ئايرىش، داۋالاش قائىدىلىرى ... ئاساسىي جەھەتتىن مۇكەممەل بايان قىلىپ بېرىلگەن ... ئۇيغۇرلارنىڭ 13 — 14 - ئەسىرلەردە تۈزۈلگەن كلاسسىك تىببىي ئەسىرى - 36 توملۇق «مۇسۇلمان دورا رېتسىپلىرى»دىمۇ ئىچكى - تاشقى كېسەللىكلەر، ئاياللار، تۇغۇت، بالىلار كېسەللىكلىرى، روھىي كېسەللىكلەر، تېرە، بەش ئەزا بۆلۈم كېسەللىكلىرى، تېز قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرى، ئۇسۇللىرى، غىزايى شىپالار، غىزالىنىش قائىدىلىرى، غىزالارنىڭ شىپالىق ئەھمىيەتلىرى، زەھەرلىنىش، يىلان، ھاشارات زىيانداشلىقىنى داۋالاش، مال دوختۇرلۇق قائىدىلىرى، جاراھەت كېسەللىكلىرى، ئۈچەي، قورساق كېسەللىكلىرى، تېڭىقچىلىق، دورىلارنى دەملەش، قاينىتىپ تەييارلاش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش قائىدىلىرى، ھەر خىل مۇرەككەپ كېسەللىكلەر، چاقا - جاراھەتلەردىن زەھەرلىنىش، تەمرەتكە، مەقەت كېسەللىكلىرى، قۇرت كېسەللىكلىرى ... ئالاھىدە شەرھلەنگەن ھەم بۇ خىل كېسەللىكلەرنى بىلىش، داۋالاش، ساقايتىش، دورا تېپىش، تەييارلاش، ئىشلىتىش، تىببىي ئورۇن، مەنقۇلات، سايمانلارنى تەييارلاش، ئىشلىتىش، كېسەلدىن ساقلىنىش، قۇۋۋەت، مۇھىت، مۇداپىئە مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىش، نەسىل كۆپەيتىش، خىللاشتۇرۇش قاتارلىق نۇرغۇن تىببىي ئىلىم مۇھاكىمىلىرى يەكۈنلەنگەن.

تارىختا تەدرىجىي مۇكەممەللىشىپ بارغان ئۇيغۇر تېبابىتى — 13-15 - ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چاغاتايلار ئىلكىدە بولغان جايلىرىدا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇكەممەل تىببىي ئىجادلىق خەزىنىسىگە ئايلانغان.

— چاغاتاي ئوردىسىنىڭ باش دوختۇرى مەجىت، قۇبلاينىڭ باش دوختۇرى يەھيالار، — دەپ يازىدۇ ھۆرمەتلىك مۇئەللىپ يولداش ئابدۇللا تالىپمۇ، — ئالىملىق ۋە جانبالىقتا ئاچقان سۇنۇق كېسەللىكلىرىنى داۋالاش مەكتەپلىرى بىلەن مال دوختۇرلۇق مەكتەپلىرى نۇرغۇن شاگىرتلار (دوختۇرلار) نى يېتىشتۈرگەن. بۇ دوختۇرلار سىر دەريا ۋادىسىدىن تارتىپ تاكى خۇاڭخې ۋادىسىغىچە يۈرۈپ بىمالال ۋراچلىق ۋە تېڭىقچىلىق قىلغان ... «جۇگىڭلۇ» ناملىق تىببىي ئەسەردە قۇبلايخاننىڭ باش دوختۇرى يەھيانىڭ ئېچىتقۇ دورىسىنى كەشىپ قىلىپ، سىچۇەندە پەيدا بولغان قورقۇنچلۇق ۋابا كېسىلىنى ساقايتقانلىقى بايان قىلىنغان. شۇ كىتابنىڭ 22 - تومىدا يەنە مۇنداق تەسۋىرى پاكىتلار يېزىلغان: — رىن چاۋ دېگەن كىشى ئېيتىدۇ: «يىڭچىياڭ ئەگىمىسى يېنىدا بىر كىشىنىڭ ئېتى قورسىقى كۆپۈپ يېتىپ قالغانىكەن، بىر ئۇيغۇر دوختۇر كەلدى - دە، ئاتنىڭ يوتىسىدىن بىر نېمىنى كېسىۋەتتى، ھايال بولماي ئات ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ... ئىچكىرىدىگە كېلىپ تىجارەت قىلىدىغان بىرنەچچە مىڭ سودىگەر قاتارىدا ئۇيغۇر تېۋىپلىرىمۇ كۆپ ئىدى. ئۇلار بېيجىڭ قاتارلىق جايلاردا نۇرغۇن دورىخانىلارنى ئاچقان ۋە داۋالاش ئورگانلىرىنىمۇ قۇرغان. بۇ دورىخانىلاردا سېرىق قويرۇقلۇق جەرەننىڭ ئەزالىرىدىن ياسالغان قىممەتلىك دورىلار بار ئىدى. بۇ دورىلار

ئادەمنى سەمىرىتىش، سوغۇق يەلنى ھەيدەش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە ئىدى. ياز كۈنلىرى دورىخانىلاردا قىمىز سېتىلاتتى. قىمىز بولسا، قېرىلىقنى كەتكۈزۈپ ئادەم ئورگانىزمىنى بولۇپمۇ ئۆپكە بىلەن يۈرەكنى ياشارتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىدى...» («ئۇيغۇر مائارىپى تارىخىدىن ئوچېركلەر» 67 - 68 - بەتلەر).

تارىختىكى تىبابەتچىلىكىمىزنىڭ بۇ خىل قىممىتى بىلەن ئىجتىمائىي ئۇنۇم ئەنئەنىسى-خۇددى بەزىبىر سەلبىيەتچى — (ئىنسانلار ئۆمرىنى ئىلاھىي تەقدىرچىلىك نۇقتىسىدىن شەرھىلىگۈچى) «ھۆكۈما» - «تارىخچى»لار تەكىتلەشكەندەك: «ئىلاھىيەت سەۋەبكارلىقى» يەنى «دۇئا»، «ئايەت»، «مازار»، «جىن» ياكى «ئۇچۇق»، «قاغىش»، «پېرە»، «دۇرۇت نىجاد»، «سەدىقە - پىتىر»، «پال» - «نىجاد» كارلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى نەچچە مىڭ يىللىق ئىلمىي تەجرىبىلەر ئاساسىدا ھاسىل بولغان، ماددىي مەۋجۇدىيەت ئامىللىرىغا تايانغان، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەقدىرىدە ھەل قىلغۇچ ماددىي قۇۋۋەت، ھاياتلىق - ھۆددىگەرلىك رولىنى ئۆتەپ كەلگەن ئىلمىي ئەنئەنىدۇر. ئوزۇق - تۈلۈك، قۇۋۋەت، ھەرىكەت، ساقلىنىش، مۇھىت، تازىلىق، تەبىر، ئىرسىيەت، نەسىل، دورا - دەرمەك، داۋالاش، پەرۋىش، ئاسراش، پەرھىز، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت، ئادەت، تۇرمۇش، كەسىپ، ھادىسە ... ۋاسىتىلىرىنى داۋالاش، بىر تەرەپ قىلىش ۋاسىتىسى قىلغان بۇ خىل ئىلمىي ئەنئەنە توغرىسىدا ئىلمىي ئەرباب يولداش شېن شي «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1980 - يىل 30 - ئىيۇل سانىدا مۇنداق يازىدۇ: «... شىنجاڭنىڭ — (ئۇيغۇرلارنىڭ دېمەكچى — ئا) ئەنئەنىۋى داۋالاش ۋە دورىگەرلىك ئىلمى خەزىنۇ، زاڭزۇ قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ جەۋھەرلىرىنىمۇ قوبۇل قىلغان. غەربنىڭ تەسىرىنىمۇ ئالغان ... ئۇيغۇر تېۋىپلىرى كېسەلنى داۋالاشتا، قاراش، ئاڭلاش، سوراش، تومۇر تۇتۇشنى، دورا ئىشلىتىشتە «شاھ، ۋەزىر، ياردەمچى، ئەلچى»نى تەكىتلەپ كەلگەن. ھىندىستان، ئەرەبىستان تەرەپلەردىن كىرگەن دورا ماتېرىياللىرىنى، رېتسېپلارنى قوللانغان ... ئەپيۇن، ھىن، پىستە قاتارلىق قىممەت دورىلار ئىچكىرىگە شىنجاڭدىن كىرگەن ...»

◁ «تەنەپپۇسلۇق سوۋغىلار» دىن ◁

ئۇلۇغ ئەدىب ناۋائى مۇنداق يازىدۇ:

«... تېۋىپ ئۆز كەسپىگە ماھىر بولۇشى، كېسەللەرگە شەپقەتلىك بولۇشى، مىجەزى مۇلايىم بولۇشى، ھۆكۈمالارنىڭ سۆزىگە ئەگىشىپ خىزمەت قىلىدىغان بولۇشى، سۆزلىرى يۇمشاق ۋە كۆڭۈل ئاياپدىغان بولۇشى، ئۆزى خۇش خۇي ۋە خۇش رۇي بولۇشى لازىم. شەپقەتلىك ماھىر تېۋىپنى ئىيسا روھۇللاغا ئوخشىتىشقا بولىدۇكى؛ ئىيسا ئەلەيھىسسالام دۇئا بىلەن چىققان جاننى تەنگە كىرگۈزگەن بولسا، ماھىر تېۋىپ چىقىپ كېتىۋاتقان جاننى داۋا بىلەن توسۇپ قالالايدۇ. مۇنداق تېۋىپنىڭ يۈزى كېسەلنىڭ كۆڭلىگە، سۆزى كېسەلنىڭ جېنىغا كۈچ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ھەر تىنىقى ۋە باسقان قەدىمى كېسەلنى ساقايتىش ئۈچۈن بولىدۇ. ئۇنىڭ بەرگەن دورىسى ئابىي ھاياتقا ئوخشاش، ئۆزىنىڭ كۆرۈنۈشى خىزىر نىجادقا ئوخشاش بولىدۇ. ئەگەر تېۋىپ ئۆز كەسپىدە ماھىر بولۇپ، بەدخۇي، بىپەرۋا، گېپى سوغۇق بولسا، ئەگەرچە كېسەلگە بىر تەرەپتىن داۋا قىلسا، نەچچە تەرەپتىن كېسەلنىڭ مىجەزىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. نادان تېۋىپ جاللاتنىڭ شاگىرتى بولۇپ، ئۇ — (جاللات) تىغ بىلەن ئادەم ئۆلتۈرسە، بۇ — (تېۋىپ) زەھەر بىلەن ئادەم ئۆلتۈرىدۇ. جاللات بۇنىڭدىن ياخشىراقكى، ئۇ گۇناھكارنى ئۆلتۈرىدۇ. نادان تېۋىپ گۇناھسىز ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ. شۇڭا ھېچبىر ئادەم نادان تېۋىپ ئالدىدا خاربولمىسۇن ... مۇلايىم سۆزلۈك ماھىر تېۋىپ — بەدەننىڭ ئاغرىقىغا داۋادۇر. بەدخۇي، نادان تېۋىپ — خەلقنىڭ جېنىغا بالادۇر ...»

## 2. تارىخىمىزدىكى تىببىي تەدبىرلەر ۋە تىببىي تەۋسىيەلەر

1299 - ھىجرىيىدە يەنى مىلادى 1881 - يىللىرى ئەتىراپىدا يەكەنلىك تىببىي ئۆلىما — لوقمان ھەزرىتىم دېگەن كىشى تەرىپىدىن قايتا رەتلىنىپ توپلام قىلىنغان «ھۆكۈما تەسنىپ-

لىرى» ① — (تىببىي ھۆكۈمالار تەۋسىيە - نەسىھەتلىرى — ئا) ماۋزۇلۇق تىبابەتچىلىك قولليازمىلار توپلىمىدىكى ئەسلەنمىلەردىن ۋە باشقا يەرلىك تىببىي تارىخ ماتېرىياللىرىدىن بىلىشىمىزچە؛ 16- ئەسىر سەئىدىيىلەر ئالتۇن چاغلىرىغا كەلگەندە ئۇيغۇر تىبابىتى بىر مەزگىللىك گۈللىنىش — (يېڭىلىنىش، مۇكەممەللىشىش، يەنىمۇ ئىلمىيلىشىش، ئىجتىمائىي ئۆرلەش، شۆھرەتلىنىش) جەريانلىرىنى ھاسىل قىلغان. شۇ دەۋر تۈزۈمىنىڭ خاسىيىتى، مەدەنىيىتى ۋە ھامىيلىقى بىلەن گۈللىنىش دەۋرىگە كىرگەن بۇ تىبابەتچىلىكنىڭ ئالاھىدە ئەۋزەل ئىپادە - ئالامەت ساھەلىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئىخچاملاش مۇمكىن:

1. ئىلمىي تىبابەت كۈچلىرىگە ھەم تىبابەتچىلىك خىزمەت ساھەلىرىگە بولغان ئېتىبارنى ئاشۇرۇش، ئىجتىمائىي تىببىي مۇئەسسەسە، مۇلازىم تارماقلىرىنى قۇرۇش، كۈچەيتىش — قىسمى - قىسمى تىببىي ساھەنى خانلىقنىڭ ئەڭ ئېتىبارلىق ساھەلىرى قاتارىدا تۇتۇشتەك بىر يۈرۈش ئىشلار جانلاندۇرۇلغان. تېگىشلىك تىببىي تەرتىپلەر، تۈزۈملەر، زۆرۈرىيەتلەر تىكلەنگەن، تەكىتلەنگەن، بۇ ھەقتىكى تەرغىباتلار كۈچەيتىلگەن. «ھۆكۈما تەسنىپلىرى»نىڭ تىببىي ۋاجىباتلار توغرىسىدىكى بايانلار قىسمىدا بۇ خىل ئىجابىي ۋەزىيەت توغرىسىدا مۇنداق تەرىپلەر تەكىتلەنگەن: «... ئەزىزانلار دەۋرى — دەۋران سۈرگەن زامانلاردا تىببىي ئەللامە② لەر، جەررايلەر③، ھۆكۈما — شىپاگەرلەر ④، دورا — گىياھگەرلەر ⑤، باقشاگەرلەر ⑥، ئاقتاگەرلەر⑦ ... ئالاھەزەل ئەلنىڭ ئەزىزانلىرى، يۇرتنىڭ خىزرە - خەزىنىلىرى، ئاللاھ نۇسبەت - ئىنايەت ئاتا قىلغان دانىشمەنلەر ... دېيىلەر ئەردىلەر ... تۆت تۆرنىڭ تۆرلىرى ⑧ (ۋەزىر دىل ئەزەم، پازىل ئۆلىما، ھاكىم - ھۆكۈمدار، قازى - قۇززاتلار قاتارىدىكى يۇقىرى ئورۇن) دە ئەردىلەر ... گۇفتار جۇلۇس ئابدۇرەشىتخان ئىبنى سۇلتان سەئىدخان ئەنە رەلىلاھۇ بۇرھانەھۇ ئەمرى ۋاجىب قىلىپدۇرلەركى: ‹ئوغۇللىرىم تېۋىپ - ھۆكۈمالارنى ئۇستاز، ئۇلۇغ بىلگەي، ئىلتىپاتتا - ھۆرمەت، ئېتىباردا ئۇلارغا يار - مەدەت بولغاي ... پىر - ياران، كاتتا - كىچىك، پەقىر - مىسكىن، ياساۋۇل - سەرباز، پىداكار - پەرمان بەردارلارنىڭ جىمىكىسى ئەللامە، ھۆكۈما، ئەھلى ئىلىم ... ھاياتنى ھەممىدىن غېنىمەت بىلگۈچى كارامەتكار مۇنەججىملەرنىڭ خاسىيەتلىك تەلىملىرىگە بېقىنغاي، ئۇلارنى ئۇلۇغلىغاي، نەزەرلىرىدىن ئۆتكەي، دۇئا، شىپا - شاپائەتلىرىدىن يىراقلاشمىغاي، باشلىرىدا كۆتۈرگەي، ئەمىن، پاراغەتلىك، مالالسىز، مەشغۇل - ئىستەك، مەئىشەت، رىزقى ئامەتلىرىنىڭ ئېشىپ بېرىشلىرىغا، كەسپىي ھەۋەس، شىجائەتلىرىنىڭ راۋاجىغا يار - ھەمدەم بولغاي ...»

---

① «ھۆكۈما تەسنىپلىرى» — مىلادى 1881- يىللىرى ئەتراپىدا يەكەنلىك لوقمان ئارسلانى ئىسىملىك بىر تېۋىپ — (يەكەن ئارسلانباغلىق تىببىي ئالىم - لوقمان ھەزرىتىم — ئا) تەرىپىدىن رەتلەپ توپلام قىلىنغان تىببىي قولليازما تارىخ. بۇ توپلامدا 16- ئەسىردىن 19- ئەسىرگىچە بولغان ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىگە دائىر بىر قىسىم ماتېرىياللار، رېتسىپلار، تىببىي ھېكايىلار، رىۋايەتلەر، ۋەسىيەتنامىلەر، شۇ زامانلاردىكى بىر قىسىم داۋالاش ئورۇنلىرى، مەشھۇر تېۋىپلەر ۋەقەلىكلىرى، ھەر خىل زامانلاردىكى ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ ئەلگە كەلتۈرگەن زەخمەتلىرى ۋە باشقا تىببىي ھادىسىلەر خاتىرلەنگەن. ② «ئەللامە» — ئالىم. ③ «جەرراي» — ۋراچ. ④ «ھۆكۈما — شىپاگەر» — تېۋىپ — دوختۇر. ⑤ «دورا — گىياھگەر» — ئۆسۈملۈك ۋە باشقا دورىلىق نەرسىلەردىن دورا تەييارلىغۇچى دورىگەر. ⑥ «باقشىگەر» — مال، قۇش داۋالىغۇچى. ⑦ «ئاقتاگەر» — ھەربىيگە، ترانسپورتقا، ئىشلەپچىقىرىشقا، تۇرمۇشقا ھاجەتلىك ئات، ئېشەك - ئۇلاغلارنى يېتىشتۈرگۈچى، ئاقتا قىلغۇچى، داۋالىغۇچىلارنى ئىلمىي يېتەكلەش خىزمىتىنى ئىشلىگۈچى ئۇستاد ئەربابى. ⑧ «تۆت تۆرنىڭ تۆردارلىرى» — خانلىقنىڭ، خەلقنىڭ، ئائىلىلەرنىڭ، ھەر بىر كىشىنىڭ تۆرى — (ئەڭ يۇقىرى ھۆرمىتى) دە بولىدىغان ئەزىز - ھۆرمەتلىك كىشىلەر. مۇئەللىپ.

16 - ئەسىر سەئىدىيىلەر خانلىرىنىڭ بۇ خىل قىممەتلىك تىببىي مەۋقەلىرى تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىرى ئەڭ ئالدى بىلەن جەمئىيەتتە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك تۈرلىرىنى ھاكىمىيەت ھامىيلىقى بىلەن بەرپا قىلىش، كېڭەيتىش، ئىجتىمائىي رولىنى جانلاندۇرۇش ئىشلىرىنى كۈچەيتكەن. نەتىجىدە، شۇ جەمئىيەتنىڭ بارلىق قاتلام، تەركىبلىرىدە (سىياسىي، ئىجتىمائىي، دىنىي، مەمۇرىي، كەسپىي ... ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە) تىببىي داۋالاش، تىببىي دورىگەرلىك، تىببىي مۇداپىئە، تىببىي تەيتىشلىك، تىببىي مائارىپ، تىببىي قانۇن، تىببىي نازارەت، تىببىي تەرغىبات، تىببىي تەتقىقات، تىببىي ئالاقە ۋە تىببىي مۇلازىمەت تەركىبلىرى بىلەن بىر يۈرۈش مۇكەممەل يۈرۈشلەشكەن تىبابەتچىلىك ئاپپارات، ئورۇن، تۈرلىرى تىكلىنىپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاز كەم بىر ئەسىرلىك گۈللىنىش جەريانلىرىغا ھەل قىلغۇچ تۆھپە، نېسىۋىلەر سىڭدۈرگەن. بەزىبىر تارىخىي مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، مىلادى 1590- يىللار ئەتراپىدا سەئىدىيىلەر ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان جايلاردىكى 914 مەھكىمە شەرئىي، 10 مىڭدىن ئارتۇق يېزا، بازار، مەدرىسە، چوڭ ساراي، بەندەرلەردە مەخسۇس مەلىكىلىك كەسپىي تىببىيخانىلار (تىببىي ئورۇن - پونكىت، تارماقلار) ئىشلەپ تۇرغان. تۇققۇز بەندەر — (خانلىق چېگرىسىدىن رەسمىيەتلىك كىرىپ - چىقىش ئېغىزلىرى)دە داۋالاش، تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش، چەكلەشلەر بويىچە قانۇنىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدىغان مۇنتىزىم تىببىي قاراۋۇلخانىلار ۋەزىپە ئۆتىگەن. بارلىق ھەربىي، مۇلكىي، خارجى، كەسپىي ئورۇن، ساھە، تارماقلارنىڭ ھەممىسىدە بولسا تىببىي شىپاگەرلەر تەق تۇرىدىغان ئاساسلىق ۋەزىيەت ھۆكۈم سۈرگەن. تىببىي رەسمىيەتلەر، جاھاز، ئورۇن، مەبلەغ، مالىيە، مەمۇرىي مۇلازىمەت نۇقتىلىرى جەھەتتىكى مەسىلىلەر ياخشى ھەل قىلىنىپ بارغان. بۇ خىل تىببىي قۇرۇلمىلار بىلەن يېتەكچى تىببىي ئەللامە، ھۆكۈمالارنىڭ شۇ چاغلاردىكى تىببىي خىزمەت ۋە تىببىي تەرغىبات مەۋقەلىرى توغرىسىدا «ھۆكۈما تەسنىپلىرى»نىڭ تىببىي دەۋەتلەر قىسمىدىن مۇنداق گەپلەرنى ئوقۇيمىز:

........................................

«قانداق جايغا بارمىغۇلۇق ۋە تۇرمىغۇلۇق؟

ھاياتلىق ئىززەت - غورۇرى تۆۋەن، تەبىئىتى غەش، ھۆكۈمادىن يىراق - خەۋەرسىز، ھېچىز سەھەت بولمىغان ... زېھنىسىز ئىنسانلار جايلىرىغا ۋە جايلىرىدا!

قەيەر زەبۇندۇر؟

خەلقى ھەمىشە رەنجۇ - ئەلەم، دەردى بىمارچىلىقتا ئۆتىدىغان، تېۋىپ - ھۆكۈمالىرى يوق ياكى كېرەكسىز، ئەمىن، تىنچلىق، ئەرزانلىق بولمىغان، ھېچىز سەھەتسىز ماكان!

خارابچىلىق، بەدبەختلىق نەدىن كېلۇر؟

مەرەزلەشكەن جاي ۋە تىرىكلىكتىن — (تۇرمۇش ئادىتىگە تازىلىق ئۆزلەشمىگەن، تىبابەت ئىخلاسى يوق، مۇھىتى نىجىس، ئادەت - قىلىقلىرى زەئىپ، ئىشتىھا غورۇرى پەس، لەززەت سېزىمى تۆۋەن، مۇدىئاسى گال، ھالال - ھارام، نىجىس - پاكلىق توغرىسىدا پەرق پەمى يوق ئادەملەر ۋە تىرىكلەر ماكانلىرىدىن دېمەكچى — ئا.)

بەد بەختلىك نېمىدۇر؟

ياشلىقنى قېرىلىقتىن ئىلگىرى، ساقلىقنى كېسەللىكتىن ئىلگىرى، پاراغەتنى مەشغۇلاتتىن ئىلگىرى، باي‑لىقنى گادايلىقتىن ئىلگىرى غەنىمەت بىلمەسلىك.

دەردىنىڭ خەزىنىسى نەدە؟

نادانلىق، نىجىسلىق قويۇق يەردە!

ئىنسان كىم ۋە نېمىدىن ھەزەر ئەيلىشى كېرەك؟

نادانىدىن، تەربىيەتسىزلىكتىن.

تىرىكلىكنىڭ تۈپ يىلتىزى نېمە؟

ھەرىكەت، قۇۋۋەت، ھېچىز سەھەت — (سەھىيە — نازىلىق)، خاتىرجەملىك، ئۈمىد، ئىرادە.

قانداق كىشى كەم رىزىق، بىئېتىبار بولۇر؟

ھورۇن، قاسماق، يالغانچى، ھەسەتباز، تون كۆڭۈل، سۇرىتى ئادىمىلەر...» —(ئاللاھ بۇنداقلارنى بەندەم، پەيغەمبىرىم ئۈممىتىم، ئادىمىزات قۇر — قاتارىدىم دېمىگەيلەر — مۇئەللىپ.)

........................................

بىز بىر تارىخىي مەنبەلەردىن بىلىشىمىزچە، شۇ زامانلارنىڭ ھامىيلىقى، رىغبەت - مەدەتلىرى بىلەن مۇكەممەل تەشكىللىنىپ قۇرۇلمىلارغا ئۇيۇشقان ئۇيغۇر تىبابەتچىلىرى جەمئىيەتتە يۇقىرىدىكى مەۋقە، تەشەببۇسلىرى بىلەن شۆھرەتلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي تىببىي مىزان، مەجبۇرىيەتلەرنى شۇ زامانلارنىڭ ھاكىمىيەت كۈچى، جامائەت كۈچى، تىببىي ساھە كۈچلىرىنىڭ تىببىي خىزمەت تۈزۈملىرىگە، جەمئىيەتنىڭ، خەلقنىڭ تىببىي ۋاجىب — مەجبۇرىيەت مىزانلىرىغا سىڭدۈرۈشتەك دانىشمەنلىك پاراسەتلىرىنى نامايان قىلىشقا مۇۋاپپەق بولۇشقان. مەڭگۈلۈك ئىجتىمائىي تىببىي تۈزۈملەر — (ھاياتلىق ۋاجىبلىرى، ئىنسانلارنىڭ مۇتلەق مەجبۇرىيەتلىرى) سۈپىتىدە يىراقلارغا قويۇلغان شۇ زامان ھېچبىر سەھەت قائىدە - تۈزۈملىرىنىڭ مۇتلەقا كۆپ تەشەببۇس، تەۋسىيە ۋە زۆرۈرىيەت رامكىلىرى — مەسىلەن: سۇنى، رىزىقنى، ماكاننى، مۇھىتنى، تىرىكچىلىكنى، كەسىپنى، ۋاستىلەر — (قورال - ياراق، مال - ۋاران ھەم ئۇنىڭ مەنبە - ئورۇنلىرى)نى، بەدەننى، لىباسنى، بىساتنى، تۇرمۇشنى پاك ئۆتكۈزۈش، تۇتۇش، ساقلاش، ئىشلىتىش توغرىسىدىكى تەشەببۇس، تەۋسىيەلەر ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئۈچۈن ھەر قاچان ئوخشاشلا بىباھا ئۇلۇغ مەنىۋى تەلەپنامىلاردۇر، ئەلۋەتتە. شۇ چاغلارنىڭ جەمئىي (ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل) ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرىدە، دىنىي - ئىجتىمائىي مەھكىمىلەرنىڭ ھەممىسىدە ۋە ھەر قانداقلىرىدا ھەم بارلىق ئەل - يۇرت مۇرەسسە - مادارىچىلىق سورۇنلىرىدا ھاكىمىيەت كۈچى، خەلق كۈچى، تىبابەت كۈچلىرى ۋاستىچىلىقى بىلەن قەتئىي جارى بولۇپ تۇرغان تىببىي نىزام - تۈزۈم، ئادەتلەر ئىچىدە كېسەل - كېسەلمەنلەرنى، بىمار - ئەرەجەنلەرنى، قېرى - ياشانغانلارنى، پەرزەنت - بالاغەتسىزلەرنى، ھامىلدار ئاياللارنى، جىسمىي دەردمەنلەرنى، روھىي ناتاۋانلارنى خورلىماسلىق، خەيرخاھلىق قىلىش، تېۋىپ - ھۆكۈمالارنى، شەپقەت - شاپائەتنى دوست تۇتقان تىبابەت يارەن - مەسلىھەتداشلارنى ھۆرمەتلەش، تىببىي ئەخلاقنى قەدىرلەش، تىببىي تۇرمۇش ئادەتلىرىگە رىئايە قىلىش، تىببىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئاكتىپ ئورۇنداش قاتارلىق نۇرغۇن مەسىلىلەر قاتتىق تەكىتلەنگەن تىببىي ئادەت - مەجبۇرىيەتلىرىمىز ئاز ئەمەستۇر. ھەر خىل ئۇچرىشىش، ئىزدىشىش، ئەسلىشىشلىرىمىزنىڭ تۇنجى تىل قەدىمىنى تىببىي ئاساسلىق ئارزۇسىدىن باشلاش، ئىپادىلەش — (ئېسەنلىشىش)، مەسىلەن: «تەنلىرى ساق، ئۆي ئىچى تىنچلىق، ئۇرۇق - تۇغقانلار سالامەتمۇ؟...» دېگەندەك تىل ئادىتى بىلەن سالام - سائەت قەدىمىنى باشلاش ئەنە شۇنداق ئەڭ ئېسىل تىببىي تۇرمۇش ئادەتلىرىمىزدىن بىر نەمۇنىدۇر.

بىراۋلار ئىزدىشەر تائام كېيىن قىلىشىپ، بىز خەقچۇ ئەزەلدىن تائەبەدكىچە،
بىراۋلار ئىزدىشەر دۇنيا دەپ ئۇن دېيىشىپ، ئۆتىمىز ساقلىقتىن دېرەك ئىزدىشىپ.
بىراۋلار ئىزدىشەر دۇنيا - نىشان بېرىشىپ،

— مۇئەللىپ

«كىشىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىمە، ئۆزۈڭنىڭ ئۆمرىنى تىلە» دېگەندەك غايىۋى مەۋقە، ھەر قانداق كېسەلگە شىپالىق تىلەش، يوقلاش، زىيارەت قىلىش، دورا - شىپالىق ئىلتىپاتلارنى ئاتا قىلىش، كېسەلمەننى روھىي ئەرجىدىن ۋە ماددىي، مەنىۋىي خاپىلىق ۋە غەم - غۇسسىدىن خالاسلاندۇرۇش، ئىچ ئاغرىتىش، خورلىماسلىق، دەككە - دەشنام بەرمەسلىك، كۆڭلىنى كۆتۈرۈش، ۋەھىمە قىلماسلىقتەك نۇرغۇنلىغان ئېسىل قىلىق ۋە كەيپىياتلىرىمىز بىزنىڭ تارىختىن ساقلىنىپ كەلگەن تىببىي - سەھىيە ئەخلاقىمىزدىن تامچىلاردۇر.

2. سەئىدىيىلەر زامانىدا تىببىي داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش، تىببىي دورىگەرلىك كۆرۈنەرلىك جانلاندۇرۇلغان ھەم بۇ ساھەدە يېڭىدىن - يېڭى سەۋىيىلەر يارىتىلغان. كېسەلمەنلەرگە

AltunOq

نىسبەتەن مۇۋاپىق روھىي ئاساسلىق ئاتا قىلىش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ئىچكى تەرەپتىن دورا ئىچكۈزۈش، تاشقى تەرەپتىن دورا ئىشلىتىش، كۆڭگە سېلىش، تەرلىتىش، يۇيۇندۇرۇش، مۇۋاپىق ئوزۇقلاندۇرۇش، پەرىز تۇتۇش، هاراق - شاراب، چېكىملىكلەردىن چەكلەش، مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلدۇرۇش، تازىلىقىنى ياخشىلاش، بەدەننى نورمال تۇتۇش، ئۇممىدلەندۇرۇش، شادلاندۇرۇش، مۇداپىئەلىنىش قاتارلىق ئەڭ ئۇنۇملۇك ماددىي، مەنىۋى سالامەتلىك ئامىللىرى بىلەن تەركىبلەنگەن بۇ خىل ئىجتىمائىي تىببىي سەۋىيىنى مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، شۇ زامانلارغا نىسبەتەن ئەڭ ئىلغار دۇنياۋى تىببىي سەۋىيىلەر قاتارىدىن ئاتاشقا بولاتتى. بۇ، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز تارىختىن بېرى كۆنۈپ، ئادەتلىنىپ كەلگەن سەۋىيىدۇر.

### «تەنەپپۇسلۇق سوۋغىلار» دىن

— ئۆلۈمنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇمكىنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بىر شەھەرلىك كىشى.

— بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش مۇمكىن، — دەپتۇ ئىبنىسىنا، — ئۆلۈمنى داۋالاشنى بىلمەيمەن، ئەمما ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۆمۈرنى ئۇزارتىش يوللىرىنى بىلىمەن.

— شۇنى ماڭا ئۆگىتىپ قويساڭ! — دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ ھېلىقى كىشى.

ئىبنىسىنا:

— مەيلى ئۆگىتىپ قوياي. سەن مەن بىلەن ئۆزۈم كۆكەرتكەن باغقا كىرىسەن. باغدا ساڭا ئۆمۈرنى ئۇزارتىدىغان دورا بېرىمەن، — دەپتۇ ۋە ھېلىقى كىشىنى باشلاپ ئۆز بېغىغا ئېلىپ كىرىپتۇ، قولىغا بىر تۇپ چىنار كۆچىتى بىلەن نەشپۈت كۆچىتىنى بېرىپ:

— مانا بۇ چىنار كۆچىتىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ شاخ - ياغاچلىرىدا ئۆزۈڭگە ئۆي سالىسەن، ماۋۇ نەشپۈت كۆچىتىنى بولسا مېۋىگە كىرگۈزۈپ، مېۋىسى نەشپۈت پىيىشكە چاقىرىسەن، شۇ چاغدا مەندىن ئۆمۈرنى ئۇزارتىدىغان دورىنى ئالىسەن، — دەپتۇ.

شەھەرلىك كىشى چىنارنى ئۆستۈرۈپ ئۆي سالماقچى، نەشپۈتنى مېۋىگە كىرگۈزۈپ ھوسۇل تويىغا ئىبنىسىنانى چاقىرماقچى بولۇپ يۈرۈۋېرىپتۇ. مېھنەت كەينىدىن مېھنەت قىلىۋېرىپ ھايات زوق - شەۋقى بىلەن ياشاپتۇ. مۇشۇنداق قىلىپ ئۇ يۈز ياشتىنمۇ ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قاپتۇ.

قىسسەدىن ھېسسە، بۇ ئۆممىدلىك دۇنيائىكەن. ئۈممىد قىلغان مۇرادىغا يېتىدۇ. نائۈممىد ئۆز ئايىغىدا يۇتىدۇ. ياخشى نىيەتلىك بولايلى.

— («ئەللامىلەر ئىبرەتى» دىن)

بۇ خىل سەۋىيە — ئامىللار - شۇ زامانلار تارىخىدا تەسەۋۋۇپ ھۆكۈمالىرى «دەۋا» قىلىشقان «دىنىي ئىجادلىق ئامىللىرى» — (سۈپكۆچ — «پىرىم شىپا»، «مازار شىپا»، «ئايەتى شىپا»، «باقشى ئامىل»، «ئادەم بىقۇۋۇل، قازا ئىگەمدىن») ... دېگەندەك سەلبىي ئەپسانىلاردىن پۈتۈنلەي مۇستەسنا. ئادەملەر ئەقلىي ئەرەجلىرىدىن تۆرەلگەن، تاكامۇللاشقان، ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى، ئەڭ بالاغەتلىك، مۇكەممەل ئامىللاردۇر. مەسىلەن، ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنىڭ تارىختىن بۇيانقى «قۇۋۋەت، قۇۋۋەتلەندۇرۇش» تەدبىرلىرى بۇ پىكىرىمىز ئۈچۈن يېتەرلىك ئاساسلاردىن بىرىدۇر. «ھۆكۈما تەسنىپلىرى» دە بۇ ھەقتە مۇنداق گەپلەر ئېيتىلغان:

«... ئاغرىق نېمىدىن؟
ۋىنىمدىن - قارنىمدىن! (قورساقنىڭ ئاچ - توق قېلىشىدىن، ئاشقازاننى ئاسرىماسلىق، بىقارار تويۇنۇش ... لاردىن دېمەكچى — ئا.)
قۇۋۋەت نېمە؟
ئوزۇقلۇق، ئۈممىد، ھەرىكەت، ئامىل، مادار ...
ئاغرىقنىڭ سەۋەبكارى نېمە؟
تويۇنماسلىق، تاپلىق — (تىرىكتاپلىق — ئا)، دەرد، مۇھەت، چاغ ...
ئاغرىقنى ساقايتىشنىڭ شىپالىق يولى قانداق؟
تويۇندۇرۇش، روھلاندۇرۇش.
جاننىڭ ئارامى نەدە؟
يۇمشاق تائام، يۇمشاق گەپ، يۇمشاق ئورۇن، يۇمشاق ئادەمدە.
نېمە يامان؟
ئاچ قېلىش - قۇۋۋەتسىزلىك.
تائام نېمە؟
سىڭىمدىغان، پايدىلىق ھالال لوقما ...»

ئەجداد تىبابەتچىلىرىمىزنىڭ بۇ خىل تىببىي مەۋقەلىرى — تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، دۇنياۋى تىببىي ئىلىم خەزىنىسىگە قوشۇلغان ئەھمىيەتلىك ئىلمىي مەۋقەلەر ئىدى. شۇڭا بىز ئۇنى، ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈنلۈك نەزەرىيىۋى ئاساسلىرىدا ھاياتلىق ھەرىكىتىدىن تارتىپ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ماددىلار ھەرىكەتلىرىگىچە ئىنچىكە، چوڭقۇر ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىشلىرىدىن كېيىن، بەزى ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت ھەم ئوبيېكتىپ باسقۇچلارنىڭ ئورتاق نۇقتىسى ۋە مۇناسىۋەت نۇقتىسىغا قارىتا ئوتتۇرىغا قويغان يەكۈن خاراكتېرلىك تىببىي ئىلىم تۆھپىلىرى تۈركۈمىدىن قەدىرلەيمىز، ۋارىسلىق قىلىمىز.

دېمەك، سەئىدىيىلەر ئالتۇن چاغلىرىدىكى تىبابەتچىلىكىمىزنىڭ تۈپ نىشانىسى: پۈتۈن جەمئىيەت مىقياسىدا تۆۋەندىكى نۇقتىلار — 1) ئوزۇقلىنىشنى كۈچەيتىش، يېمەك-ئىچمەك ئادەتلىرىگە دىققەت قىلىش — لايىقلاشتۇرۇش؛ 2) تۇز ئىستېمالىنى تەڭشەش؛ 3) ئالدىنى ئېلىشنى كۈچەيتىش، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ تۇرۇش؛ 4) زىيانلىق ئىچىملىك، چېكىملىكلەردىن ساقلىنىش، چەكلەش؛ 5) سالامەتلىك تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، كېسەل پەيدا قىلىدىغان ئامىللارنى يوقىتىش؛ 6) مۇۋاپىق كلىنىكىلىق داۋالاش تېخنىكىسىنى جانلاندۇرۇش؛ 7) سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ھەم ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن شۇ جەمئىيەتنىڭ سەھىيە، ساغلاملىق ۋەزىيىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ تۇرغان.

### 3. نەسىلگە ۋاپا

سەئىدىيىلەر ئالتۇن چاغلىرىنىڭ تىبابەتچىلىرى، داھىي، يېتەكچى خانلار، مىللىي داھىي ئەربابلارنىڭ رىغبەت ۋە مەدەتلىرى بىلەن خانلىق خەلق — (مىللەت)نىڭ سۈپەت - سالاپەتلىرىنى ئۆستۈرۈش، ساغلاملىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش — (خەلقىنىڭ خىللىق، ساغلاملىق دەرىجىسىنى، ئۆڭ - چىراي، بوي - تۇرق، كۈچ - مادار، تۇرمۇش، ئادەتجەھەتلەردىكى تاكامۇللۇقىنى تىكلەش، ئومۇمىيلاشتۇرۇش) ئىشلىرىغا ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ، ئەجدادلىرىمىزنى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئارىسىدا شۇ زامانلارغا نىسبەتەن سۈپەتتە كۆزنەك، ئۈلگە ئاتاقلىرىغا ئىگە قىلغان، داملىنىپ تۇرىدىغان خىل نەسەب تۈركۈملىرىنىڭ يېتىشىش جەريانلىرىنى تېزلىتىشكەن ...

«ۋەتەننىڭ شان - شۆھرىتى نېمە بىلەندۇر؟ تىنچ كۈن بالاغىتى بىلەندۇر.
خەلقنىڭ سۈپەت - سالاپەت ئەنئەنىلىرى بىلەندۇر! شەرەپ نېمە؟
ئامانلىق ۋە ئاراملىق نېمە بىلەندۇر؟ ساغلاملىق.»
تەن بالاغىتى، ئەقىل - ئىدراك بالاغىتى، ساغلام،
— («ھۆكۈما تەسنىپلىرى» دىن)

مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە؛ 16- ئەسىر سەئىدىيىلەر خانلىرىدىن سۇلتان ئابدۇرەشىتخان جەمئىيىتىنىڭ ھۆكۈمران ئەقلىي كۈچلىرى — (ئالىم، ھۆكۈما ... لىرى) خەلق ۋە مىللەتنىڭ سۈپەت - سالاپەتلىرىنى، ساپاسىنى خىللاشتۇرۇش — (ئۆستۈرۈش)، پۈتۈن جەمئىيەت بويىچە تەندۇرۇسلۇق، ساغلاملىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش ھەم بۇ ساھەگە تېگىشلىك پايدىلىق چارە - ئاماللارنى ئىزدەش، تېپىش تەدبىرلىرىنى يولغا قويغان. «تەزكىرە پىر-ياران»نىڭ رىۋايەتلەر قىسمىدىن بىلىشىمىزچە؛ سۇلتان ئابدۇرەشىتخان خانلىق يۇقىرىلىرى ئارىسىدا بولىدىغان قورقۇش، قايغۇرۇش، غەزەپلىنىش، خارلىنىشتەك ئەھۋاللارنى تەبىئىي كېسەللىك ئامىللىرى

دەپ قارىغان ھەم مۇنەججىملەرنىڭ سۆھبەتلىرىدە: «... كىشى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرمەكنى - ئاغرىق-سىلاقتىن خالىي بولماقنى ئىزدىسە يېمەك - ئىچمەكلىرىنى ئىددىتلىق، مۇۋاپىق، يېتىپ - قوپۇ-شىنى، ھەرىكەت، پاراغەتلىرىنى نورمال ئەھۋالدا، كەيپىياتلىرىنى غەشسىز قىلماقلىرى ھاجەت ۋە زۆرۈردۇر ...» دەپ تەۋسىيە قىلغان. جەمئىيەتنىڭ مۇلازىم كۈچلىرىنى، نەسىل - نەسەبتە بىرىنچى ئەۋلادى كالۋا، ئىككىنچى ئەۋلادى دۆت، ئۈچىنچى ئەۋلاد كېرەكسىز يوق بولۇپ چىققىدىغان جايلار ۋە ئائىلىلەرنىڭ، ئادەملىرى كالۋا، ۋىجىك، لەقۋا، گاس، گاچا ... قاتارلىق نەسلى پېشكەللىكلەرگە، يامان شارائىت، يامان مۇھىتقا يولۇقۇپ تۇرىدىغان جاي، ئورۇنلار-نىڭ ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىشكە چاقىرغان، سەھىيە - تىبابەت، تازىلىق، كەزمە — (تەنتەربىيە) ئىشلىرىنى جانلاندۇرۇشقا، قېرىنداشلار ئارا نەسلى ھەمكارلىقنى يولغا قويۇشقا، ئورۇن، جاي يۆتكەش — (نەسىل ئالماشتۇرۇش)كە، تىببىي ئاماللارنى تېپىشقا، يېمەك - ئىچمەك، مۇھىت، تۇرمۇش ... جەھەتلەردىكى پاسسىپ ئامىللارنى تۈگىتىشكە رىغبەتلەندۈرگەن.

«... شاھى ئالەم - ئىنسان ئۆمرىنى كۆن، لوقما، ئوزۇق، مېھنەت، ئېتىقاد ئاشۇرار ... دەپ قارار ئېرىدىلەر ...» («تەزكىر پىر-ياران»دىن). سۇلتان ئابدۇرەشىتخانپۈتۈن خانلىق تەۋە-سىدە ئۆز مۇلازىملىرىدىن يېمەك - ئىچمەككە، ئىنسان نەسلىگە، ئىنسان تەقدىرىگە، ئىنسان غورۇرىغا ۋە ئىنسان ئېتىقادىغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزگۈچىلەرنى ھېچبىر ئاياۋسىز جازالاپ تۈرۈشنى تەلەپ قىلغان.

«... ئەي جاھان پاسىبانى ھەر ئىككىلا ئالەمدىكى گۇناھ - كېبىرىلەر ئىچىدە ئەڭ ئېغىرى - تۆۋە بىلەن تۈگىتىپ بولمايدىغىنى قايسىدۇر؟» دېگەن سوئالغا: «ئەركەكنى ئەركەككە نىكاھلاش، ئەركەكنى خاتۇن-لۇققا، جىنسىي جۈپلىككە قىستاش، زورلاش، ئەرنىڭ ئەرلىكىنى ناكار قىلىش ...، ئۈچ چاغدا — بىرى، ئەر بىلەن ئەر زىنا قىلىشقان چاغدا، ئىككىنچى، خو-تۇن بىلەن خوتۇن زىنا قىلىشقان چاغدا، ئۈچىنچى، پەرزەنت بىلەن پەرزەنت، قان - قېرىنداش بىلەن قېرىنداش، ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ئارىسىدا زىنا ئۇتۇلگەن چاغدا ئالللاھ ئالەم ۋە ئىنسانغا ئا-پەت، غەزەپ ئاتاقىلۇر، كېچىرمەس، — دەپ جاۋاب بەرگەن.»

— («تەزكىرپىر-ياران»دىن)

قېرىنداش مۇساپىرلار بىلەن قۇدىلىشىشنى، چەت جايلاردىن كۈيئوغۇل، ياقا يۇرتلاردىن كېلىن ئېلىشنى، زەرەپشان، خالاستان، ئىككىسۇ ۋادىسى — (ھازىرقى قاغىلىق، پوسكام، يەكەن تەۋەلىرى)دىن شاھ تاتار — (مەكىت تەۋەسى)، غولتوغراق — (ھازىرقى ئاۋات ناھىيىسى) ... تەۋەلىرىگە نەسلى سۈپەت ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن كۆچمەن ئالماشتۇرۇشنى، يىراق جايلارغا كۆچ-كۈچى، يىراق جايلاردىن كۆچۈپ كەلگۈچىلەرگە مەدەت، ئىلھام بېرىشنى خالىغان، تەۋسىيە قىلغان.

«كىملەرگە مېھرىبان، ئاشيان بولمىغۇلۇق؟
— رەنجۈ - ئەلەم پېشىللىكلەرگە — (دائىما رەن-جىپ، سۆرۈنلىشىپ، ئۆكۈپ - تاتىرىپ يۈرۈش مە-جەزدىكە سىڭىپ كەتكەن نەس پېشىل كىشىلەرگە دې-مەكچى — ئا.)

— («ھۆكۈما تەسنىپلىرى» دىن)

دېمەك، ئابدۇرەشىتخان قەيەردە ۋە كىمدە رەنجىش ۋە خاپىلىق كۆپ بولسا شۇ يەردە ۋە شۇ كىشىدە ئاغرىق، جىسمانىي نادامەت ئېغىر بولىدۇ، دەپ قارىغان.

— ئەي مۇنەججىم، — دەپ سورىدى شاھ ئەقىل-داردىن،—قايسى كېسەلنىڭ داۋاسى يوق؟
— رەنجى ئەلەمنىڭ، ئىشقىي ئوتىنىڭ ...
— يوشىسۇ، — دېدى شاھ مۇنەججىمگە ئىشارە بې-رىپ، — رەنجىنىڭ داۋاسى — كۈلكە - شادلىق، ئىشقىنىڭ داۋاسى — ئىرادە — جان تىكىش.

—(«ھۆكۈما تەسنىپلىرى» دىن)

ئىنسانلارنىڭ، جۈملىدىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەسلى ئىقتىدارلىرىنى ياخشىلاش، سۈپەت ـ سالاپەتلىرىنى ئۆستۈرۈش ـ سۇلتان ئابدۇرەشىتخان ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ قەدىردان ۋارىسلىرى تەرىپىدىن «ئاتا ۋەسىيىتى»، «بۈيۈك ۋەزىپىلەر» سۈپىتىدە ئىزچىل داۋام ئەتكۈزۈلگەن. سۇلتان ئابدۇرەشىتخاننىڭ تەخت ۋارىسى ئوغلى ئابدۇكېرىمخان خانلىق ئۆمرىدە خانلىقنىڭ مۈلكىي، خارجى، ھەربىي، ئەمنىيەت، ئىچكى، مۇلازىمەت ... تارماقلىرىنىڭ جىمىكى تەركىبلىرىگە، جامائەت، جەمئىيەت، دىن، كەسىپ، تۇرمۇش، دەۋا، مۇرەسسە ... ئىشلىرىنى تۇتىدىغان مۇئەسسەلەرنىڭ ھەر قانداقلىرىغا ھەر قانداق جاي ۋە ھەر قانداق چاغدا مۇلازىم قويۇش، تاللاشتا تۆۋەندىكى خاسىيەتلىكلەردىن باشقىلارنى زادىلا قوبۇل قىلماسلىق بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈپ جارى قىلدۇرغان. بۇ خىل خاسىيەتلىكلەرنىڭ ئۆلچىمى:

1) ئات ۋە ئاتلىق مەشغۇلاتلاردا ئىقتىدارسىزلىق قىلمايدىغان بولۇش؛ 2) چېلىشتا يىقىلىپ قالمايدىغان بولۇش؛ 3) شاش ئات، يولۋاس، تۆگە ـ ھايۋانلاردىن قايتمايدىغان، باش ئەگدۈرەلەيدىغان بولۇش؛ 4) ماجرا ـ جېدەل، جەڭ، خەۋپ ئىچىدە كۈچسىزلىك،چىدامسىزلىق، ئاجىزلىق سادىر قىلمايدىغان بولۇش؛ 5) تۇرق ـ دىدارلىرى قورقۇمسىز، كۆچكە توشۇق، پەمگە باي، تەندە كۆركەم، تۇرقتا سۈرلۈك بولۇش؛ 6) ئىشتىھاسى سۇس، سۆلەي ـ(كەمتاماق)، خەسسە گال، تاۋى نازۇك، چىدىماس، پەزدىلەتسىز، نىيەت ـ مەۋقەسى غۇۋا، قىلىقى بىئەپ، سۆزى مېغىزسىز، قىزغانچۇق، چېقىمچى، ھەردىكىتى گال، تۇرقى كۆرۈمسىز، بىنەپەس ـ (تاۋۇشى سەت)، ئەخلاقتا چولتا، ھەردىكەتتە قوپال ... كىشىلەرنى ئىشلەتمەسلىك، ئارىلاشتۇرماسلىقتىن ئىبارەت بولغان.

ـشاھىئابدۇللاخان زامانىدا دەپ يېزىلىدۇ: «دورنات خازىكەنتخۋاجە پادىشاھ» دېگەن قولىيازمىنىڭ باش 6ـ بېتىدە: ـ زامان ـ زامانلار سەھىيە ـ تىببىيەت ئەسىرى جارى بولمىغان زېمىنگە، تەندۇرۇسلۇق بالاغەتلىرى يېتىلمىگەن، مىجەزى سۇس، مادارـغەيرەتتە بىچارە، زەئىپ تەن، نەسلى ئەرەجمەن، دەردى ئەلەمگە ۋارىسبىمار مىسكىنلەرگە شىپا، تەدبىر تاپقۇچى ھاكىم، ئۆلىما، ھۆكۈما ـ تېۋىپ، شىپاگەر ... گە خانلىق خەزىنىلەر تەخىرسىز، شەرتسىز ئېچىپ، ئاشكارىلاپ بېرىلەر ئىدىلەر ... بۇ ئەستىلىكتىن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىزكى؛ نەسىلگە ۋاپا قىلىشنىزۆرۈر بىلگەن سەئىدىيىلەر ھۆكۈمدارلىرى خەلقنىڭ سەھىيە ـ تىببىي تۇرمۇش بالاغىتىنى يۇقىرىلىتىش، مىللەت ۋە خەلقلەرنىڭ سان، سۈپەت ـ ساپاسىنى ياخشىلاش مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكەن. بەزىبىر رىۋايەت، ئەسلىمىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە؛ ئابدۇللاخان زامانىنىڭ ھۆكۈمران مۇلازىملىرى بىلەن ھەر دەرىجىلىك جەمئىيەت خىزمەتكارلىرى قوراي بوي، شوينا بەل، ۋىجىك، جانسىز، بىئىسكەت ـ (ئىسكەتسىز)، تەلەتى سۆرۈن، رەنجى چىراي، جىسمانىي غورۇرسىز، مۇنەك، بىقۇۋۋەت، بىئېتىبار، بوران كۈشەندىلىك ـ (بوراننىڭ ئۇچۇرۇپ كېتىشىدىن قورقىدىغان)، بىخەستە، چالا ئادەملەرنى سەھىيە، مائارىپ، تەربىيەت ۋاسىتىلىرى بىلەن ئۆزگەرتىپ يېتىلدۈرۈشنىڭ چارىلىرىنى ئىزدەشكە ھەم ئۇنداقلارنى ھېچقانداق ئىجتىمائىي سېلىق، مەجبۇرىيەتلەرگە زورلىماسلىقنى، كېسەل ـ بىمارلارنى زورلىماسلىق ھەققىدىكى ئەمرى ـ پەرمانلار قاتارىدىن ئىجرا قىلىپ تۇرغان.

ـئەيپاسىبانىم، ـ دەپ سورىدى مۇنەججىم شاھى ئالەمدىن ئىلتىجا بىلەن، ـ ئەگەر رەنجىشكە زۆرۈر كۆرۈلسە، كىملەردىن ۋە قانداقلاردىن رەنجىش ئورۇنلۇق؟

ـ سەھتە بەدەنلىك سالاھىيىتى تۆۋەن، تەندۇرۇس ئەمەسلىكى ئاشكارا كىشىلەرنى بىلىپ تۇرۇپ رەنجىتكۈچىلەردىن ...

ـ(«ھۆكۈما تەسىنىپلىرى»دىن)

سەئىدىيىلەر جەمئىيىتىنىڭ 11- قېتىملىق خانى ئابدۇللاخان توغرىسىدا رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ رىۋايەت ئەستىلىكلىرىدىن مەلۇمدۇركى، ئابدۇللا خان كۆچمەس، تۇرق- دىدارلىرى زوقسىز، بىكۆرۈم، ئەلنىڭ نەزەرىدە يوق، زار چىراي، ۋاي داد پەرەس، ئاناچىنىمىس، جىنسىي بىچارە، جىسمانىي نۇقسانى بار، چاكىنا يىگىتلەردىن سەر باز ئالغان، كارۋان تۈزگەن، سورۇن ئاچقان، جەڭ باشلىغان، ئىش تۇتقان ... كاتتا - كىچىك ئەمەلدار، جاھانسازلارنىڭ ھەر قانداقىنى خىزمەت - ئەمەل ئورۇنلىرىدىن ھەيدىۋېتىپ تۇرغان. 10 سەر باز بىلەن 100 دۈشمەننى، 100 ئاتامان بىلەن 1000 ئاتامان قاراقچىنى، 1000 يىگىت بىلەن 10 مىڭ تاجاۋۇزچى جاللاتنى تارمار قىلالمايدىغان ئەزمە، توخۇ يۈرەك قوماندان ئابدۇللاخان ھوزۇرىغا كىرەلمەيدىغان بولغان.

تارىخىمىزدىكى جىسمانىي كۆركەملىك — (جىسمانىي، مەنىۋى تەندۇرۇسلۇق) يەنى ئازكۆچ بىلەن جىق ياۋغا، بىر تەن بىلەن بىر نەچچە تەنگە، بىر كۈچ بىلەن بىر نەچچە كۈچكە تېتىيالايدىغان مۇكەممەل ئۇيغۇر تۇرقى، ئۇيغۇر قېنى، ئۇيغۇر سالاپىتى — شۇ چاغلاردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ سەھىيە - تىبابەتچىلىك قۇدرىتىدىن ھاسىل بولغان خاس مۆجىزىلەردىندۇر. بىز تارىخىمىزدىكى بۇ خىل مىللىي ۋاپادار زاتلارنى مەڭگۈگە ئۇنتۇمايمىز، ئەلۋەتتە.

«تەنەپپۇسلۇق سوۋغىلار»دىن

1. بىلىم بەرگەن ئۇستازىمنى ئاتا - ئانامغا ئوخشاش ھۆرمەتلەيمەن. زۆرۈر تېپىلسا مال - مۈلكۈم، بايلىقىمدىن تەڭ بەھرىمەن قىلىپ، ئۇنى باقىمەن.

2. ئۇستازىمنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئۆز پەرزەنتىمدەك كۆرىمەن. ئەگەر ئۇلار تىبابەتچىلىكنى ئۆگىنىشنى خالىسا، قىزغىنلىق بىلەن ئۆگىتىپ قويىمەن، ھەق تەلەپ قىلمايمەن.

3. پەرزەنتلىرىمگە، ئۇستازىمنىڭ پەرزەنتلىرىگە ۋە شاگىرتلىرىمغا تىبابەتچىلىك بىلىملىرىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىتىمەن.

4. ئىمكانىيىتىمنىڭ يېتىشىچە كېسەللەر ئۈچۈن پايدىلىق دەپ تونۇغان داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىمەن، كېسەللەرگە ئازاب ۋە خەۋپ يەتكۈزمەيمەن.

5. ھېچقانداق كىشىگە زەھەرلىك دورا بەرمەيمەن.

6. تۇرمۇشتا ۋە تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشتا پاك بولىمەن.

7. باشقا كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە كىرىشتە، داۋالاشنىلا مەقسەت قىلىمەن، باشقا تاماداا بولمايمەن، پارا ئالمايمەن، غەيرىي جىنسىتىكىلەرنى ئازدۇرمايمەن.

8. باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان لېكىن ئاشكارىلىغىلى بولمايدىغان ئىشلارنى مەيلى ئۇ دوختۇرلۇق كەسپىگە مۇناسىۋەتلىك بولسۇن - بولمىسۇن قەتئىي ئاشكارىلىمايمەن — مەخپىيەتلىكنى چىڭ ساقلايمەن.

— ھىپپوكراتېس ①

## 8. سەئىدىيىلەر زامانىدىكى مىللىي ئەخلاق ۋە مەنىۋى كەيپىيات

تارىخىي ئاساسلىرىمىزغا بىنائەن 16- ئەسىر سەئىدىيىلەر خانلىرى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي مىللىي ئەخلاقى بىلەن مەنىۋى كەيپىياتىنى بىز: ئەڭ مەنىلىك، ئىلمىيلىق دەرىجىسى مۇكەممەل، مىللىي خاسلىق خاراكتېرى ساغلام ۋە ئالاھىدە، ئەنئەنىۋى مىللىي ئىدىئولوگىيە، مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي تۇرمۇش، مىللىي ئادەت

① ھىپپوكراتېس — مىلادىدىن ئىلگىرى 460- يىلدىن 377- يىللارغىچە ئۆتكەن يۇنانلىق مەشھۇر تېۋىپ. ئۇ تۈزۈپ چىققان تىببىي داۋالاش ئەھلىلىرىنىڭ يۇقىرىدىكى مىزانى 2000 نەچچە يۈز يىللاردىن كېيىنكى ھازىرقى چاغلار (1948- يىلى) دا دۇنيا تىبابەتچىلىك جەمئىيىتى يىغىنىدا ماقۇللانغان جەنۋە خىتادنامىسىنىڭ ئاساسى قىلىنغان. 1949- يىلى دۇنيا تىبابەتچىلىك جەمئىيىتى چوڭ يىغىنىدا خەلقئارا تىببىي ئەخلاق قائىدىلىرى قىلىپ بېكىتىلگەن («شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1984- يىل 20- سېنتەبىر سانىدىن).

AltunOq

ھەم ئىنتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى تۈپ مەنبە قىلغان ئەڭ گۈزەل، ساپ مىللىي ئەخلاق، ئەۋزەل مەنىۋى كەيپىيات ئىدى، دەپ قارايمىز.

مىللىي ئەخلاق دېگەن نېمە؟ مىللىي ئەخلاق تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا — بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش — (تىرىكچىلىك) مۇناسىۋەت مىزانى تۈگۈنلەنگەن مىللىي ئادەت قانۇنىدۇر. بىزگە مەلۇمكى، ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆز تارىخىي تەرەققىياتلىرى جەريانلىرىدا ياراتقان، شۇمۇرگەن ئۆزىگە خاس تۇرمۇش يولى، ياشاش ئۇسۇلى بولىدۇ. بۇ، شۇ مىللەتنىڭ ئۆزى ئۈچۈن پەقەت نوقۇل پسىخىك خاسلىق ھېسابلىنىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، بۇ خىل خاسلىق ئەنە شۇ مىللەتنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان، تۇرۇۋاتقان ماكان، زامانلىرىدىكى تەبىئىي شارائىت، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ماددىي، مەنىۋى مۇناسىۋەت، ئىستېمال، تۇرمۇش مۇناسىۋىتى، ئالماشتۇرۇش - ئايرىۋاشلاش مۇناسىۋىتى، ئىقتىسادىي - تاۋار مۇناسىۋىتى، ھەر تۈرلۈك تارىخىي مۇناسىۋەتلەر. . . شەكىللىرىدىن ھاسىل بولغان ھەم تارىختىكى تۈرلۈك كۈرەشلەر، ئۆزگىرىش، داۋالغۇشلار جەريانىدا تاسقىلىپ، مۇكەممەللىشىپ، كىشىلەر تەبىئىتىگە سىڭىپ، غەيرىي سېزىلمەي، ئادەت قانۇنى شەكلى بىلەن نامايەن بولۇپ تۇرغان ئوبيېكتىپ مىزان — (مەنىۋى قانۇن) خاسلىقىدۇر. مانا بۇ خىل خاسلىق — ئەخلاق دېمەكتۇر. 16- ئەسىر سەئىدىيەلەر جەمئىيىتىنىڭ بارلىق قانۇن، نىزام، پەرمانلىرى ئەنە شۇ خىل خاسلىقنىڭ ئوبيېكتىپ مىزان ئالاھىدىلىكلىرى ياراتقان مەزمۇنلارنى چىقىش قىلىپ تۈزۈلگەن ۋە جارى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي سىياسىي ئەخلاقى — (ھاكىمىيەت ئەخلاقىنىمۇ ھەم) نى تولۇق — (% 100 لىك) ئۇيغۇر مىللىي ئەخلاقى (ھۆكۈمران ئەخلاق) نۇقتىسىدىن چۈشىنىمىز. شۇنداقلا بۇ خىل ئەخلاقتا مەلۇم خاسلىق پەرقى، ئالاھىدە شەكىل ۋە ئالاھىدە خاراكتېرى بىلەن ھەر خىل دۇنياۋى ئەخلاق تۈركۈملىرىدىن، مەسىلەن: دىنىي ئەخلاق، ئىرقىي ئەخلاق، نەسەب ئەخلاقى، ئومۇمىي ئىجتىمائىي ئەخلاق، ھەر خىل دۇنياۋى كەسپىي ئەخلاقلار تۈركۈملىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرغان، ئەخلاق بىلەن ھاكىمىيەت، سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىدېئولوگىيە بىلەن ئەخلاق قارىمۇ - قارشىلىقى بولمىغان، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ھەسەت ئەمەس، ھەۋەس، مىللىي تەڭسىزلىك ئەمەس، مىللىي تەڭلىك شوئارى مەزمۇن قىلىنغان ئىلغار، ئىلمىي مىللىي ئەخلاق ئۇقۇمىدىن ۋارىسلىق قىلىمىز، ئۆگىنىمىز.

## 1. ئەخلاقىي مەۋقەلەر

ھېجرىيە 1226- يىلى ئۇيغۇر تارىخچىلىرى — موللا مۇھەممەت ھۈسەيىن كۈچارى بىلەن موللا توختى خەلپەت قەشقەرىلەر تەرىپىدىن بىرلىكتە يېزىپ قالدۇرۇلغان «تەزكىرىيى ياران» دېگەن پارىسچە قوليازمىنىڭ «ئەزىزانلار تەسنىپلىرى» دېگەن قىسمىدا سۇلتان ئابدۇرەشىتخان، سۇلتان ئابدۇكېرىمخان. . . لارنىڭ ئەخلاقىي مەۋقە ۋە ئەخلاقىي دالالەتلىرى توغرىسىدا مۇنداق تەرىپلەر تەكىتلەنگەن: «ئەزىزلەرنىڭ ئەزىزى، شاھلارنىڭ شاھى، ئەلنىڭ باش پاناھى ھەزرىتى سۇلتان سەئىدخان ئەنەرەللاھۇ بۇرھانەھۇ ئەدەب - ئەخلاق توغرىسىدا مۇنداق ۋەسىيەت قىلغان: ‹... بەد ئەخلاقلىق — بەدبەختلىقتۇر ... جەمىكى رەئىيەنى —

(جىمىكى ئەھلى پۇقرانى دېمەكچى — ئا) ئەخلاقتا چاقىرماق، كۆندۈرمەك — ئىماننىڭ جۇملىسىدىندۇر ... ئەمرى ۋاجىبتۇر... بەد ئەخلاق بەدرەكلەرنى- (يامان قىلىق — ئەخلاقتا كەسىپلەنگەنلەرنى — ئا) ئەدەبلىمەك - تۇسماق، تۆۋە قىلدۇرماق، شاھلار، بەگ - سىپاھلار، شەرىئەت ۋە ئەھلى جامائەت پېشىۋالىرى ئۈچۈن تەخىرسىز زۆرۈرىيەتلەر جۈملىسىدىندۇر...» ئەزىز خاقان - كۇفتار جولۇس ئابدۇكېرىمخان ئىبنى ئابدۇرەشىتخان غازى ئىبنى سۇلتان سەئىدخان ئەنەرەللاھۇ بۇرھانەھۇم (ئابدۇكېرىمخان سۇلتان ئابدۇرەشىتخان ۋاپاتىدىن كېيىن، **1559**- يىلىدىن **1591**- يىلىغىچە **33** يىل سەئىدىيەلەر خانلىقىنىڭ خانى بولغان، **63** يىل ئۆمۈر كۆرۈپ مىلادى **1591**- يىلى بارچۇقتا — (مارالبېشىدا) خوجا ئىسھاق ۋەلى كۈچلىرى تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن - ئا) خانلىق ئۆمرىدە كىبرى مەغرۇرلۇق تەمەننا ئەھلىنى، ئەدەب - ئەخلاق، دىيانەت،نامۇس مەۋقەئى سۈيۈق، خىيالىي تۇراقسىز، ناكاستە كىشىلەر - (غىدايماقتا ھەۋەسلەنگەن، ھاكاۋۇر ئالىم - ئۆلىما، ۋەزىر - سىپاھلارنى، ۋەزخانلارنى، تەقۋاردار تەرىقەت كۈچلىرىنى، راھەت كۈتۈپ ياشاشقا يۈزلەنگەن بايۋەچچە گاڭگۇم - لارنى، ئەسكەرلىكتىن - خەلق جاپاسىدىن قورقىدىغان - قاچىدىغانلارنى، پۇلدار سودىگەرلەر، ھۈنەرۋەنلەرنى، نادان ئەمەلدار، تادان غېنىلەر — (بايلار) ھەم شۇنداقلارنىڭ ھەمىيارانلىرىنى، دىيانىتى بۇزۇق تەربىيەتسىز خاتۇنلارنى، بىكارچى كەسىپىي تىجمەللەر — (غورۇرسىز نوقانچىلار. . . — ئا) نى ئەخلاققا چاقىرىپ، كىرگۈزۈپ تۇرماقنى خانلىقىنىڭ كەسىپىي سىياسىتى قىلىپ تۇتقان. . . ئەخلاقسىزلىق قىلغان بەدپېئىل كىشىلەرنى ئەدەبلەشكە يارلىق چۈشۈرگەن. . . ئۆزىگە گۈزەل، شەرمى - ھايالىق بولماقلىقنى، ئىنساپ، توغرىلىقنى، شەپقەت- شاپائەتنى، ئىنسانىي مېھرىبانلىق ھەم ئىنسانىي ئادالەتنى ئەخلاق يولى قىلغان بارلىق ئەل سۆيەر ھۆكۈمدار يارانلارنى، ئەخلاقنى مۇرادى مەقسەت يولى قىلغان ھەممە پۇقرا، ئەھلىي جامائەتنى مۇراد - مەقسەتلىرىگە يەتكۈزمەككە ئىرادە (ۋەدە) ئىشارە قىلغان. جىمىكى خانلىق مۇلازىم ئەربابلىرىدىن، رەئىيە - پۇقرادىن، بەد ئەخلاقلىقنى كەسىپىي نىيەت قىلغان، ھاراملىق، نىجىسلىق پەيلى ئېتىبارىدىن يانمايدىغان خۇمسا بەدرەكلەر - (جەمئىيەت ئۈچۈن زىيانلىق قەبىھ ئىنسانلار - ئا) نى يەكلەشنى، توسۇش، دەككىلەشنى، ئۇلارغا ياندىساماسلىقنى تەلەپ قىلغان ھەم ئۇنداقلارنى جەمئىيەت جىنايەتچىلىرى قاتارىدا جازالاشنى ئەمىر قىلغان.»

**20**- ئەسىر ۋەقەشۇناسلىرىمىزدىن مۇھتەرەم ئەدىب مامۇت ئىسلام (بۇ ئەدىب تۇغرىسىدا مەزكۇر ژۇرنالنىڭ **1988**- يىل **1**- سانىدا ئىز - دېرەك بېرىلگەن — ئا) سەئىدىيلەر ئالتۇن چاغلىرىنىڭ ئەدەب - ئەخلاق ۋە مەنىۋى كەيپىياتلىرى توغرىسىدا ئۆزىنىڭ «بەلەن گەپلەر» خاتىرىسىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «... قەيەردە ئەدەب - ئەخلاق، دىيانەت، نومۇس بولمىسا ياكى بۇزۇلغان بولسا يەنى ئادەملەرنىڭ ئەپئال، كەيپىيات، مىجەز - قىلىقلىرىدا غەيرىيلىك، بۇزۇلۇش ئالامەتلىرى ئاشكارا ئۆرلەپ تۇرسا، ئۇ ھالدا شۇ يەرنىڭ، شۇ ئەلنىڭ بەختى - ئىقبالى، رىزقى ھالاۋىتى، مىللىي شۆھرىتى زەبۇنلۇققا بۇرالغاي. بۇ مىللىي پاكلىق ۋە مىللىي ئىستىقبالغا ئۇسۇپ كىرگەن نەسلىك، ئۇنى تەقدىرىمىزگە، تارىخىمىزغا ھەم نەسلى ئەجدادىمىزغا زىيانلىق بىخ، بۇزۇلۇش ۋە يوقىلىشنىڭ بېشى دەپ بىلىش ھاجەت ۋە زۆرۈردۇر. . .»

دەرۋەقە مىللىي ئەخلاقنى جۈملىدىن ئومۇمىي ئىجتىمائىي ئەخلاقنى سۆيۈش — تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، ئەلنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش، ئۆزىنى سۆيۈش، ھاياتنى سۆيۈش دېمەكتۇر. ئەجدادلىرىمىزنىڭ پاك ئىزىنى باسماقنى راۋا بىلگەن، تارىخ ئالدىدا، مىللەت ئالدىدا، خەلق ئالدىدا، ۋەتەن ئالدىدا شان - شەرىپى بىلەن قەددىرلىنىشنى، غورۇرى، ۋىجدانى بىلەن ياشىماقنى ئىستىگەن ھەر بىر مەزمۇت ئادەم، ھەر بىر غورۇرلۇق قېرىنداش ۋەتەنپەرۋەر سۇلتان ئابدۇرەشىتخاننىڭ «...بەدئەخلاقلىق - بەدبەختلىكتۇر ...» دېگەن قىممەتلىك ھۆكمى (ئەخلاقسىزلىق - ئاڭسىزلىق، نادانلىق، خورلۇق، بۇزۇلۇش - يوقىلىشتۇر دېگەن مۇتلەق توغرا ھۆكمى — ئا)گە دىققەت - ئېتىبار بىلەن نەزەر تاشلىمىقى شەرتتۇر. قەيەردە ئەخلاقسىزلىق ئېغىر بولىدىكەن، كىم ئەخلاقسىزلىقنى ئادەت قىلىدىكەن، شۇ يەر ھەم شۇ كىشىنىڭ ۋەيران بولۇش — (نامراتلىشىش ۋە قاشاقلىق، قالاقلىق) ئاقىۋىتى ئېغىرلىشىپ بارىدۇ. بۇ، ئەلتۆكۈس بەدبەختلىك — (بەختسىزلىك — ئا)تۇر. بۇ، تەقدىرنىڭ، تارىخنىڭ، نەسلى ئەجدادنىڭ بۇزۇلۇش باشلانمىسىدۇر. بۇ يەردە شۇنىمۇ مۇقەررەر قەيت قىلىش لازىمدۇركى؛ دۇنيادا مۇتلەق ساپ قان، ساپ دىن، ساپ مىللەت، ساپ نەسەپ ... بولمىغاندەك، مۇتلەق ساپ مىللىي ئەخلاقنىڭمۇ بولۇشى مۇمكىن ئەمەستۇر. مىللىي تەرەققىيات ئېھتىياجى، زامان ئېھتىياجى ۋە ھەر خىل قىممەت - زۆرۈرىيەتلەر سەۋەبلىرى بىلەن شەكىل ئالغان تارىخ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، بىر خەلق ياكى بىر مىللەت ئۆزىنىڭ ئەخلاق ھەم ئەخلاق سىستېمىلىرىنى يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، كونىراپ كەتكەنلىرىنى، ھەتتاكى سەلبىي ئەھمىيەتلىشىپ تۇرغانلىرىنى تاشلىۋېتىش - (ئومۇمەن يېڭىلىقىغا كۆچۈش)كە ئاڭلىق يۈزلەنسە، ئۇنى مىللىي تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قەتئىي قوللاش، ئالقىشلاش لازىمدۇر. بۇ خەلق تەرەققىياتىدۇر، بۇ زامانىۋى ئەخلاقتۇر. ئەمما ۋە لېكىن ئۇنىڭ تەتۈرسىچە يەنى نەسلى بەدنىيەتلىك، مىللىي خورلاش ياكى مىللىي دۈشمەنلىك چىقىش قىلىنغان زورلۇق كۈچ — (ھاكىمىيەت كۈچى، تاجاۋۇزچى يات كۈچ) لەر دەخلى - تەرۇزچىلىقى بىلەن بولغان، باشلانغان، ئاڭسىزلىق، نادانلىق، جاھالەت مەنبە بولۇپ تۇرغان زورلۇقلار تۈپەيلىدىن تېڭىلغان ھەرقانداق غەيرىي تېڭىلما «ئەخلاق»، دىنىي «ئەخلاق»، سىياسىي «ئەخلاق»، خۇراپىي «ئەخلاق» لار — (تاجاۋۇزچى يات «ئەخلاق») نىڭ ھەرقانداقىغا قارشى تۇرۇش، يەكلەش - ئەڭ ئېسىل مىللىي مەجبۇرىيەت، ھەقلىق مىللىي قوغدىنىش ھېسابلىنىدۇ. ئەخلاق پاكلىقىنى، دەخلىسىزلىكىنى ساقلاش، قوغداش، ئەخلاق پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىش - ئىنسانلىق قەرز، تەركىسىز مىللىي ۋىجدان ۋە مەجبۇرىيەتتۇر.

### ◁ «تەنەپپۇسلۇق سوۋغىلار» دىن ◁

ياخشى خۇلۇق-شاھلىق ھەممىدىن زور دۆلەتتىن ياخشىراق،
ساپ تەبىئەت - تىللا - گۆھەر كانلىرىدىن ياخشىراق.

......................................................

پەردىلەردەك پاكتۇر - ياخشى تەبىئەت،
يامان خۇلۇق - دىۋىدەك ھەممىگە ئاپەت.

......................................................

كەمتەرلىكتىن كېلەر ئىززەت ۋە ئىكرام،
كىبىرلىكتىن يامان بولار ياخشى نام.

......................................................

ھايا - ئادەملىك ئەسلىدۇر ئەسلى،
شۇندىن ئادەم بولار ھەر ئادەم نەسلى.

......................................................

كىبرەك بولسا ئابروي ئالەمدە،
ياخشى خۇلۇق بولسۇن ئادەمدە.

..........................................

خۇش چىراي ئەمەس ياخشىلىقنىڭ پەللىسى،
ياخشى خۇلۇقتۇر ياخشىلىقنىڭ بەلگىسى.

..........................................

تەنە قىلما خۇنۇك يۈزلۈككە قاراپ،
ئەي ئەقلى ئىنسابتىن بىخەۋەر كىشى.
تەن غىلاپ، ئەقما جان - غىلابتا قىلىچ،
ئۆتكۈرلۈك، كەسكىنلىك قىلىچنىڭ ئىشى.

— («دانالار خەزىنىسىدىن» ئېلىندى — ئا)

گۈزەل ئەخلاق — بىباھا گۆھەردۇر.

نامرات بولساڭمۇ، سەممىي بول.

ئاتا - ئانىنىڭ ئېسىل ئەخلاق پەزىلىتى — بالىغا قالدۇرۇلغان ئەڭ ياخشى مىراستۇر.

ياخشى كۆڭۈل باغ، ياخشى نىيەت يىلتىز، ياخشى گەپ گۈل، ياخشى ئىش — مېۋە دېمەكتۇر.

ئاچچىقىڭ كەلسىمۇ، ئىززەت - ھۆرمىتىڭ يىلەن بول، ئۇنى يوقاتما.

— (چەت ئەللىكلەر تەمسىللىرىدىن)

## 2. مەڭگۈلۈك پرىنسىپلار

ئىشەنچىلىك تارىخىي خاتىرە، ئەستىلىكلەردىن ئايان ۋە مەلۇمدۇركى؛ سەئىدىيىلەر ھاكىمىيەتلىرىنىڭ 16 - ئەسىر تەشكىلىي تەركىبلىرىدە، بارلىق جەمئىيەت ئىدارىچىلىك قۇرۇلمىلىرى (دىنىي، جامائەت، كەسىپ، ساھە ۋە ھەر خىل ئاممىۋى ئۇيۇشما، ئاپپاراتلار) نىڭ ھەممىسىدە جەمئىيەتنىڭ ھاكىمىيەت ئەخلاقى (سىياسىي - ئىجتىمائىي ئەخلاق) نى توغرا ئىز بىلەن جانلاندۇرۇش، قەبىھ بەد ئەخلاقلىق ئىللەتلىرىنى چەكلەش ۋە بەد ئەخلاق بەدرەكلەر —(بەد ئەخلاقتا كەسىپلەنگەنلەر) نى توسۇش، جازالاش ۋە جەمئىيەتنىڭ، خەلقنىڭ ئەخلاق پاكلىقىنى قوغداش بويىچە مۇقىم، دائىملىق ئىشلەپ ۋە نازارەت قىلىپ تۇرىدىغان ئەڭ ھوقۇقلۇق ئاپپاراتلار بولغان. خانلىق ئەخلاق - (ئەللىي ئەخلاق) نى خەلقنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئادەت مىزانى، دىنىي ۋاجىباتى ھەمدە تۈزۈم پرىنسىپى قىلىپ تۇتقان بۇ خىل ئاپپاراتلارنىڭ بىردەك تەقىپلەش، چەكلەش ئوبيېكتى قىلىنغان بەد ئەخلاقلىق ئىللەتلىرىنىڭ ئالامەت، شەكىللىرى توغرىسىدا «ئۇلۇغلارنىڭ نەپەس مۇبارەكلىرى» دە مۇنداق تەكىتلىنىدۇ: «... ياراتقان ئاللاھقا، ۋەتىنىگە، ئىگىسىگە - (خەلقىگە، قەۋم - قېرىنداشلىرىغا - ئا) تۇزكورلۇق - (خائىنلىق) قىلغانلار، ھاياتلىق ئۆمرىدە دەزلۇملارغا زۇلۇم قىلغانلار، نەسلىنى ساتقانلار، زوراۋانلار، خۇسۇمەتكارلار، جىنسىي گۇناھ قىلغانلار، رەھىمسىز جازانىخورلار، ئوغرىلار، جىنايەتچىلەر، ئەيشى - ئىشرەتچىلەر، زالىم ئەمەلدارلار، لۈكچەكلەر، قەھرى غەزەپلىكلەر، خۇنخور، تۆھمەتخورلار، پىتنە ۋە ناھەق غەۋغا قىلغانلار، ئادالەتسىز، ھاياسىز. ئىنسابسىز، قارابىس، نىيىتى بۇزۇق، پەيلى شەيتان، دىن ھەم قىنىدىن چىققان بەدقىلىق بەدرەكلەر، بەد ئەخلاقلىق جازاسى — (دەككىلەنگۈچى گۇناھكارلىققا — ئا) غا نىشان ئىدىلەر...» ئەگەر تەپسىلات ئۇقۇمىدىن بۇ تەرىپاتنى شەرھىيلەش توغرا كەلگەندە شۇ زاماننىڭ دەككە، چەكلەش ئوبيېكتى قىلىنغان ئىجتىمائىي - سىياسىي بەد ئەخلاقلىق قىلمىشلىرى تەركىبىدىن مۇنۇ 15 ئىللەتنى: (1) ۋەتىنىگە، خەلقىگە، ئۆز ۋىجدانىغا، نەسلىگە مۇناپىقلىق، تۇزكورلۇق - (خائىنلىق، ئاسىيلىق، — ئا) قىلغانلار ھەم بۇ ئىشتا تۆۋىسى كۆپايسىزلەنگەن قارا يۈزلەر... نى؛ (2) ھەق ۋە توغرا يول تۇتقان ئۇلۇغلار - (ئەلگە ئازادلىق، بەخت ئاتا قىلىشقا ئۆزىنى ئاتىغان داھىي، يېتەكچى ئۇستاز، ئالىم - ئۆلىما، خاسىيەتلىك پېشۋالارغا، راست، توغرا، ھالال يول تۇتقۇچىلار) غا خۇسۇمەت، بۆھتان، ۋابال قىلغانلارنى؛ (3) ئۆز نەپسانىيىتى ئۈچۈن ۋىجدانسىزلىق، ناھەق سوكۇتپەرەستلىك قىلغان، ئەلدىن - ئادەملەردىن چەتتىنگەنلەرنى؛ (4) زالىملىق، خۇنخورلۇق يولىنى تۇتقۇچىلارنى؛ (5) سۇخەنچىباز - ئارا بۇزغۇچىلارنى؛

(6) جازانە، ئالدامچىلىقنى كەسىپ قىلغانلارنى؛ (7) بەدنىيەت — (سۇيقەستچى، ھەسەتخور) لەرنى؛ (8) ئۆكتەم — زوراۋانلارنى؛ (9) قىمار ۋە ناتوغرا يولنى تاللىغانلارنى؛ (10) كەسىپى كەيپچىلىك - (كەيپى نىجاسەتلەرگە بېرىلگەن، ئۇنى پەيدا قىلغان، تارقاتقان، كىشىلەرگە سايە قىلغان، يۇقتۇرغان بەڭگى، شارابخورلۇق...) يولىغا چۈشكەنلەرنى؛ (11) جىنسىي نىجىسلىق — (جىنسىي بۇزۇقچىلىق، ئىتتەكچىلىك، جىنسىي دەللاللىق، جىنسىي بىدارچىلىق ۋە جىنسىي ۋەيرانچىلىق...) نى كەلتۈرگەن، راۋا تاپقانلارنى؛ (12) قاتىللىق قىلغانلارنى؛ (13) بۇلاڭ - تالاڭ، ئوغرىلىق، خىيانەت، پارا... جىنايىتى سادىر قىلغانلارنى؛ (14) كۆكەمە، ئۇششۇق، زەرگى، نومۇسسىز، تەييارتاپ، تىجمەل ئادەملەر تۈركۈمىنى ھاسىل قىلغانلارنى؛ (15) ۋەتەن، خەلق دەردىگە دەرمان بولغۇچىلار قاتارىدىن يالتايغان ۋاي دادچىلار، بېلى بوشلار، مىللىي شۆھرەت، غورۇر نۇقسانچىلىقى - (ۋىجدانسىزلىق) قىلمىقىنى شەكىللەندۈرگەن، ۋىجدان ۋۇجۇدى يوق، ئۆمرى قەدىرسىزلەر...نى ئاتاش - ساناش دەل ئورۇنلۇقتۇر.

تىماتىك ئىخچاملانىق تۈپەيلىدىن، بۇ ئىللەتلەرنىڭ بەزىبىر مەسىلى يەشمىلىرى - (ئايرىم بىر قىسىملىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىمىز) نى تۆۋەندىكىچە شەرھىيلەشكە توغرا كېلىدۇ.

## 3. مەسىلى يەشمىلەر

**تۈزكورلۇق - (خائىنلىق) مۇناپىقلىق ئىللىتى سادىر قىلغۇچىلارنى يەكلەش ۋە چەكلەش توغرىسىدا:**

تۈزكور - خائىنلار - مۇناپىقلار ھارام نىيەت بىلەن ھارام دۇنيا، ھوزۇرى مەئىشەت، شۆھرەتكە ئىخلاس باغلىغان بەدنىيەت كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ ھەسەتلىك قەلبلىرىدە سۈت بەرگەن مېھرىبان ئانىلىرى، ئۆستۈرگەن ئەزىزان ئاتا، قېرىنداشلىرى، بىر مۇجۇق تىرىك گۆشنى ئادەمگە ئايلاندۇرغان مېھرىبان ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئەجرى ھەممىدەملىكى، ئادەمنى ئادەملىك قىممىتىگە، سالاھىيىتىگە ئېرىشتۈرگەن، تەقدىر مۇئەككىلى - جانىجان ۋەتەن، ئانىمىنىڭ بەختى - ئامىتى، سەلتەنىتى - قانىتى بولغان ئەل - ياران - (مىللىتى - قەۋمى) لىرى يوق، ئۇنتۇلغان. ئۇلارنىڭ مەسلەك، نىيەتلىرى - پۇل، ئەمەل، «شۆھرەت»، كەيىپ - ساپا. ۋىجدان ئۇلارنىڭ چىقىشالماس رىقىبى. ئۇلار تۈزكورلۇقنى بىر ئۆمۈر كەسىپى ئەخلاق قىلىشقان. تۈزكور بولغاندىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھەممە قىلىق، ئورۇنۇشلىرى بىلەن مۇكەممەللەشكەن، تۈزكۈرلۇق ئەپىئالىنى چۈشىنىشكىمۇ تۈزكورلۇق قىلىدىغان مەخلۇقلار ۋە بەد بەختلەردۇر.

«... تۈزكور (خائىن) غا يان باسقان، بولۇشقان ئەۋلادتىن، دوست - ياراندىن تېنىپ كەتمەكلىك، قاچماقلىق پەزىلەتتۇر ۋە ئەڭ ئالىي مۇسۇلمان ساۋابىدۇر... يەر يۈزىدە خائىننىڭ كۈلكىسىنى ئاڭلاشتىن ئېغىر ئازاب، گۇناھ، ئەلەم يوقتۇر. خائىننى كۆرمەك بەدبەختلىكتۇر... ئەي ئامۇ خاس خائىنلارنى يەكلەڭلار، ئۇلارغا تۇغقان بولماڭلار، دۇئا قىلماڭلار، دۇئا ئالماڭلار، خائىن يۈرگەن يولغا كىرمەڭلار، خائىن جەسەت دەپنە قىلىنغان زاراتگاھلىققا جەسەت قويماڭلار. خائىن تۈۋىسىگە ئىشەنچ قىلماڭلار. خائىننى دىزىرە... گەن شىكار ئىتلىرىنى قىرىپ تاشلاڭلار. خائىنغا ھومىيىش، تۈكۈرۈش... ھەر بىر ۋىجدانلىق، راۋرۇس ئىنسان ھەم مۇسۇلماننىڭ ۋىجدان، ئىمان قەرزىدۇر... خائىننى رەسۋا قىلماق، ئۇنىڭ ئىپلاس قەدىمىنى پاك زېمىندىن يوقاتماق — ھەر بىر ئىنسانغا تاڭلا مەھشەر ئۈچۈن تېپىلغۇسىز ساۋاب، ئىككىلا ئالەملىك شۆھرەت، ئانا سوتىدىكە جاۋاب، ئەل - يۇرتقا تۆھپە ھېسابلانغاي... خائىن — ئاللاھنىڭ غەزەپ، بەندىنىڭ نەپرەت ئوچىقىدۇر...»

—(«پەتىۋا شېرىپ» تىن)

Altun Oq

دەرۋەقە، مەڭگۈلۈك ھەسەت، نادامەت — خائىنىنىڭ روھىي ئۆمرى، ئۆمۈرلۈك مەغلۇبىيەت — ئۇنىڭ چىقىش يولى، نەپرەت — ئۇنىڭ ھايات ئوزۇقىدۇر. خائىن — پاك زېمىن ئۈچۈن نىجىس يۇكتۇر...

مىلادى 1640 - يىللار ئەتراپىدا يەنى سەئىدىيىلەر خانلىرىدىن سۇلتان ئابدۇللاخان زامانلىرىدا يەكەن خانلىق مەدرىسىدە دامىدىكى خانلىق «شەرئىيەتى غارراء» — (شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى پەتىۋا يولى بىلەن جاكارلاش) داھىلىرى تەرىپىدىن تۇزكورلۇق — (خائىنلىق) گۇناھى سادىر قىلغانلارغا دوقال - دەككە ئوتقى — (سىگنال بۇيرۇقى) سۈپىتىدە بايان قىلىنغان يۇقىرىقى سۆزنى سەئىدىيىلەر جەمئىيىتىنىڭ تۇزكور - خائىن كىشىلەرگە تۇتقان مىجەز نامىسى دېيىشكە بولىدۇ. خائىن قېرىنداش، خائىن دىنداش ۋە خائىن يولداش، زامانداشنى بىلمەيدىغان، تونۇيالمايدىغان، دەككىلىيەلمەيدىغان ۋە چەكلىيەلمەيدىغان ھەر قانداق تائىپ، گۇرۇھ ھامان تەقدىرى قۇللۇقتىن، مەۋجۇدلۇقى نادامەتتىن - ئەلەمدىن قۇتۇلالمىغۇچىلاردۇر. 16 - ئەسىر سەئىدىيىلەر كۈچلىرىنىڭ سەلتەنەت تارىخى ئەنە شۇنداق تۇزكور كۈچلەرنى جىمىقتۇرۇش، خائىن ھەم خائىنلىققا يول بەرمەسلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن خاراكتېرلەنگەن، شەرەپلىك تارىختۇر.

تارىخىمىزدا تۇزكورلارغا، مۇناپىقلارغا مەڭگۈلۈك رەقىب، مۇرەسسەسىز جاللاتلىق ئالاھىدىلىكى بىلەن شۆھرەت قازانغان ئەزىز بوۋا - ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھىناتلىرى، ئىستىل، تەجرىبىلىرى بىزگە ھەر قاچان ئۇنتۇلغۇسىز ئۆچمەس سىگنالدۇر، مەنىۋى مەدەت، ئەخلاقىي، ۋىجدانىي، روھىي جەڭگىۋارلىق قورالى سۈپىتىدە نەمۇنە ۋە تەۋەررۇكتۇر. دېمەك، خائىن — مۇناپىقلارغا نەپرەت - غەزەپلىنىش — ئۇيغۇرنىڭ تەبىئىي خىسلىتىدۇر. تارىخىمىزنىڭ مەدھىيە، رەھمەتلىرى شۇلارغا مەنسۇپ ۋە نېسىپ بولغاي.

نەچچە ئىشلار باركى، رەھمانى ئېرۇر،
نەچچە ئىشلار باركى شەيتانى ئېرۇر.

ئادەمدى بولغىلكى پاسىق بولماغىل،
سالىھ بولغىل مۇناپىق بولماغىل.

..............................

نەچچە ئىشلار بىل — مۇناپىقلار ئىشى،
قەست ئىلەگەر ئېينى قىلسا كىشى.

..............................

كىم مۇناپىق بولسا ئول مۇرداردۇر،
بىل مۇناپىقتىن خۇدا بىزاردۇر.
كىم مۇناپىق بىرلە گەر ھەمراھدۇر،
ئاڭلىغىل ھەر ئىككىسى گۇمراھدۇر.

..............................

— مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خاراباتى

### «تەنەپپۇسلۇق سوۋغىلار» دىن

بېھىش يەڭلىغ جاڭگال، چىمەنگاھلار ئارا تۈمەن - تۈمەن مۆجىزە، خەس، گۈل - گىياھلاردىن بەھرى ئېلىپ ھاياتلىق كۆرىدىغان جاندار - تىنىقلار ئىناق، ئوم، ماس ھەم خاس ئۆتكەن زامانلارنىڭ بىرىدە ئۇلارنىڭ ماكانلىرىغا قاڭقىرغان تېجىمەل نوقانچى يېتىمەكلەردىن بىرى پەيدا بولغان، ئۇنىڭغان ئىدىلەر. ناكەستىلىك يولغا كىرگەن بۇ يەجۇج (قولىغا چىققاننى كۆتۈرۈپ كېتىشكە ئادەتلەنگەن لاماكان ئادەم —ئا) بۇ يەردىن لالما، قاۋاقچىل تايغانلاردىن بىرنى تېپىپ بويىنىدىن باغلاپ، ئۇنىڭ بىلەن شىكار قىلماقتا تەرەددۇت قىلىدىلەر. ناگاھان شۇنداق قىلىپ شۇ چىمەنگاھ ئاب - ھاۋاسىدىن، لوقما، پاناھلىقىدىن تىرىلىپ ئۆسكەن، ئىتلىق نەپسىنى چوڭايتماق، جاڭگال جاندارلىرىدىن رىزقىنى قىزغانماق، بارچە جاندىن ئۆزىنى ئۈرە قويماق مۇددىئاسىدا لالىملىق قىلىپ يۈرگەن تايغاندىن بىرنى باشلاپ ئۆزىگە كۆندۈردىلەر ۋە تايغان كىرىدىغان «بېھىش»

بارلىقىنى، ئۆزىنىڭ چىنىگەن سىزىقىدىن چىقماي رازى قىلسا، شۇ بېھىشكە مەڭگۈلۈك باشلاپ كېتىدىغانلىقىنى ۋەدە ئىنئام قىلىدىلەر. تايغان كۆندى، ئۆگەندىلەر. بۇ ئارىدا بىر توكۇر يېتىم جەرەن ئوغلىقى بار ئەردىلەر. تېجىمەل، تايغاننى باش بۇرۇن قىلىپ ئۇنىڭغا سالدىلەر. ئوغلاق قېچىپ تۇتۇق بەرمىدىلەر. تايغان دېدى: ئەي توكۇر تۇلۇك! بۇگۈن قېچىشىڭ قالتىسقۇ؟ مېنىڭ بۇ چاغلارغىچە ھەرقانداق شاش ھايۋاننى تۆت سەكرەپلا تۇتۇۋالىدىغانلىقىمنى بىلمەمسەن؟

جەرەن ئوغلىقى جاۋاب بېرىپ، دېدى: سەن ئۆزگەردىڭ، مەن ئەمدى ئۆزۈم ئۈچۈن قاچىمەن، سەن بوينۇڭدىن باغلىغان ئىگەڭ ئۈچۈن قوغلايسەن، مەڭگۈ تۇتالمايسەن، تۇتالمايسەن. بۇ تەقدىرنىڭ قىسمىتى.

— (ئۇيغۇر خەلق رىۋايىتى)

**ھەق، توغرا يول تۇتقۇچى داھىي، ئۇلۇغلار — (ئادالەتكار داھىي، ئۇستاز، ئالىم، ئۆلىما، مۇنەججىم، پېشىۋالارغا، يۇرت، ئەل مۆتىۋەرلىرىگە، زات، ئەزىز ئەل غەمگۇزارلىرى...) غا خۇسۇمەت، بۆھتان، قەست ئىللىتى سادىر قىلغان ھەم بۇ خىل قەبىھ بەد ئەخلاقلىقنى كەسىپ، مىجەز قىلىۋالغان، كۆڭلى تار، كۆرەلمەسلىك ھەسرىتىدە ئۆرتىنىپ يۈرگەن دەردخۇمارلارنى چەكلەش، توسۇش، قىلمىقلىرىدىن ياندۇرۇش، توغرا نىيەتكە كۆندۈرۈش توغرىسىدا:**

«ئادەمگە خاس ئۇلۇغ داھىي، پېشىۋالارنىڭ، ئالاھەزەل ئوردىگاھ، شەرئىيە، بىلىم، ئادالەت... مەھكىمىلىرىنىڭ ئەمرى - ۋاجىبلىرىنى قولاقتا تۇتمىغان، ئۇلارنىڭ ئارىدىلىرىنى بۇزغان، ئۇلارغا تۆھمەت - خۇسۇمەتلەر قىلغان، شان - شۆھرەتلىرىنى تۆككەن، ئۆز باش، ئۆز خان، ئۆز سۆز باش كۆتۈرمەك بولغان... ھەرقانداق بويۇن تاۋلىماق قىلغۇچى شاككاك ئادەم — ئىنايەت ئەخلاقىدىن مەھرۇم، ئەل - جامائەت پېشىۋالىرى ئىلتىپاتىدىن يىراق، ياخشى تەربىيە - ئىلىم خەزىنىلىرىدىن ھوزۇرسىز، بەدپېئىل، مەمەدان، تەقدىرى يەككە ھەم غۇۋا، ئەل - يۇرتقا ۋاپاسىز ئادەمدۇر... ئۇلارغا ياران بولماق، نىيەت، غايە بىرلىكىدە تۇرماق، ئەگەشمەك، ئەگەشتۈرمەك ئىككىلا ئالەملىك يەككىلىك، ئەلسىزلىك بالاسىغا گىرىپتار، ئەل نەپرىتىگە سازاۋەر بولغانلىقتۇر... ئۇلۇغلاردىن قارغىش، ئەلدىن نەپرەت، زاماندىن گۇناھ تاپقانلىقتۇر...»

—(«پەنتىۋا شېرىپ» تىن)

دەرۋەقە داھىي — ئېتىقادى بولمىغان، قەلبىدە ئىنسان تايانچىسى يوق، ئۇستاز ھۆرمىتىنى، توغرا، ئادىل، خەلق يېتەكچىلىرىنىڭ قەدرىنى ئېتىبارلىمىغان ئادەمدە ئۆز خەلقىگە مۇھەببەت، ۋەتىنى ئۈچۈن مەسلەك - غايە، ئەلگە خىزمەت ئىستىكى بولمايدۇ. بۇ، دېمەك ئېتىقاد - ئۇستازتۇتمىغان ئادەمدە ھۆرمەت بولمايدۇ، دېگەنلىكتۇر.

«... ئەي ئادەمى خاس! ئۇلۇغ ئەل پاسىبانلىرىغا، خەلق داھىلىرىغا، ئۇستاز، ئالىم، مۇنەججىملەرگە، ئاتا - ئانا، چوڭ پېشىۋاھ ئەجداد، جامائەت چوڭلىرىغا ھۆرمەت - ئېھتىرامدا بولۇڭلار. بۇ ھەممىڭلار ئۈچۈن ۋاجىب ۋە ۋەزىپىدۇر...»

—(«ئەزىزانلار تەسنىپلىرى» دىن)

**ئۆز نەپسانىيىتى، بەد ئەخلاقلىق ھەۋىسىنىڭ راۋانلىقى ئۈچۈن ۋىجدانسىزلىق، ئەلنى كۆزگە ئىلماسلىق، ئىنساننى خورلاش ئىللىتى - (گۇناھى) سادىر قىلغانلارنى ئەدەبلەش، قىنىغا سېلىپ قويۇش توغرىسىدا:**

— داد، ھۆكۈمدار، — دېدى شاھىد تەكەللۇپ بىلەن، — بەرھەق راستلىق ۋە توغرىلىق بىلەن گۇۋاھ - شاھىدمەنكى، يۇرت پاناھىمىزدىن غېنىلىقى —(بايلىقىنىڭ زىيادىلىقى) بىلەن ئەلگە، ئۇ يۇرتتىن بۇ يۇرتقا نام چىقارغان كارۋان بېگى — سەگپەرەست — (ئىتپەرەس — ئا) ... ئۆكتەمنىڭ ئون جۈپ قاۋان ئىتى باردۇر. خالايىقلار بۇ ئىتلارنىڭ ھەيۋە، زەخمەتلىرىدىن ۋەھىم قىلىشىپ، يىراق - يېقىن يوللىرىدىن توختايدۇ. تۈن كېچىلەردە كۆز يۇمماي تونەيدۇ، چالا كۆز يۇمىدۇ، ئۇششاقلار، قېرى، ئايال، ئاجىز - ناتاۋان پېقىر مىسكىنلەر بۇ ھالدىن خەۋپسىرەيدۇ، زارلايدۇ. سەگپەرەست ئۆكتەمدىن چۆچۈشىدۇ. ئۆكتەم بۇ ھالدىن زوق، ھوزۇر ھېس قىلىدۇ. ئىتلىرىنى گۆش چوختەك —(تۇخۇم، سۈت، ئاقئۇن، قوي يېغى، كېپەكلەنگەن سېمىز گۆش، تۇز بىلەن قىلىنىدىغان بىر خىل نان —ئا) تە

سەمىرىتىدۇ. ئۆكتەمنىڭ خاس كىشىلىرى بولسا، بۇ خىل چوختەكلەرگە سەگبازلاردىن قىزغىنىپ —(يەپ، تېتىپ كۆرمەكلىرىدىن گۇمان، شەك سىزىپ)، پىت - بۈرگىلەر، نىجىس قۇرتلار ئارىلاشتۇرۇشىدۇ. يەنە مىسالەن، كۈنچى - چىمگەر... ئۆز كەسپىي بەرىكىتىنى نىشان قىلىپ مەھەللە - كويلارغا تۇتۇن، بۇس بىلەن زەرەر كەلتۈرىدۇ. نىجىسلىق —(سېسىقچىلىق) تاپتى. نېمە قىلماق كېرەك؟

ھۆكۈمدار دېدى ۋە بۇيرۇدى:

— سەگپەرەست... ئۆكتەمگە بوينىغا قارا ئارغامچا باغلاپ، سازايە - شەرمەسار قىلىپ تۇۋا قىلدۇرماق، خوتۇن - پەرزەنت، ياران - بۇرادەرلىرىدىن ئايرىپ ئادىمىزاتسىز چۆل ھودۇد —(چۆللەردىن ئۆتىدىغان خانلىق چېگرىسى — ئا) باقماقا ئەتلىرى ئىلە پالىماق، مۇشكۈللۈك سالماق ھاجەتتۇر. ئەل - ياران، ھەقەمسايە، قەۋم - جامائەتنىڭ قەدرىنى تۇتمىيا بىلگىچە شۇنداق ئەرەج - ئەلەم كۆرگەي... كۈنچى - چىمگەر خۇمدان ئىچرە بۇس، تۇتۇن يۇتماقتا بەنت ۋە مەلىكە قىلمىغاي —(خانلىق خۇمدانلىرىدا ئوت يېقىش، خۇمدان دۇملەش، تېرە ئىشلاش مالامىتىگە دۇچار قىلمىغاي، مورا - تۈرخۇن دەردىنى كۆرگەي دېمەكچى — ئا).

*

... قاراقچى ئوغرى يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلاتتىلەر. بىر كۈنى يولۇچى قازىنى توسۇۋېلىپ بۇلىماق بولدى.

— مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلۇغ قازىسى تۇرسام، نېمە ئۈچۈن بۇلايسەن، خۇدادىن قورقمامسەن؟ —دېدى قازى.

— مەنمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قارام ئوغرىسى تۇرسام، سېنى بۇلىماي كىمنى بۇلايمەن، — دېدى ئوغرى.

قازىنىڭ ھەممە نەرسىلىرىنى سوپۇرۇۋېلىپ، قۇرۇق سۆگەك ھۇشۇقتەك قىلىۋەتتى. بۇ ھالىنى تۆت سەپەرخان كۆرۈپ، سوكۇت قىلىپ تۇرغانىدى. ۋەقە پاش بولدى. قازى، ئوغرى، تۆت سەپەرخان ھاكىم، پەششاب ئالدىغا كەلتۈرۈلدى، پەششاب ئوغرىغا تەنبىھ، قازىغا نەسىھەت، تۆت سەپەرخاننىڭ ھەر بىرىگە ناھەق سۈكۈت قىلىش گۇناھى ئارتىپ، 40 تىن دەررە، تاياق ئۇرۇشنى بۇيرىدى. شاھىد سورىدى:

— بۇ قانداق جازا، قانداق تارتقۇلۇق؟

پەششاب دېدى:

— دەر ھەقىقەت بۇ قانۇنەن ئەمەس، سەۋەبىكى كۆرۈلگەن ۋىجدان تەنبىھى، ئەخلاق جازاسىدۇر. قىلمىشلەر ئۈچۈن جازا قىلمىشلاردۇر...

—(«بىلەن گەپلەر» نىڭ «سەئىدىيىلەر رىۋايەتلىرى» قىسمىدىن)

ئەي خالايىق! دۇنيادا يامان كىشىلەرنىڭ يامان قىلىق، قەبىھ ئۆكتەملىك ئىللەتلىرى - (ناھەق قىلمىشلىرى) گە شاھىد بولۇپ، جىمجىت زەردىسىز ۋە نەپرەتسىز قاراپ تۇرۇشتىن ئارتۇق ۋىجدانسىزلىق بولمىسا كېرەك. ئورۇنسىز ئازار بەرگۈچى، زىيان - زەخمە كۆرگۈچىلەرگە بولۇشۇش، ھېسداش بولۇش، ئازار قىلغۇچى ۋە زىيان - زەخمە كەلتۈرگۈچى زوراۋان نامەردكە ھومۇيۇش، نەپرەتتە تۇرۇش - ئۇيغۇر روھىنىڭ تۈپ خىسلىتى ۋە شەرەپلىك ئەخلاق مىجەزىدۇر. سەئىدىيىلەر زامانلىرىدىن رىۋايەت شەكلى بىلەن بىزگىچە ساقلىنىپ كەلگەن سەگپەرەست ئۆكتەم، كۈنچى - چىمگەر، ئوغرى بىلەن قازى خاتىرىلىرىدىنى بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىختىكى مىجەز ئىزلىرى، شەرىپلىك ئۆرنەكنامىلىرى سۈپىتىدە قەدىرلەيمىز.

**بەدنىيەتلىك - (سۇيقەستچىلىك، ھەسەتخورلۇق) نى ئۆمرى ئادەت قىلغانلاردىن پەخەس بولۇش، ئۇندىقلارنى چەكلەش ۋە ئەدەبلەش توغرىسىدا:**

ئۆز پەيتىدە سەئىدىيىلەر زامانلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئومۇمىي ئەخلاقىي ۋەزىيەتلىرىنى شەرھىيە قىلغان ئۇلۇغ ئەخلاق - مىجەزشۇناس ئاقسۇلۇق ئۇيغۇر ئالىم مۇھەممەت بىننىي ئابدۇللا خاراباتى① تەرىپىدىن تەخمىنەن مىلادى 1720 - يىللىرى ئەتراپىدا يېزىلغان «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» —(خاراباتىنىڭ نەسىھەتلەر توپلىمى) دېگەن ئەسەردە بەدنىيەتلىك ۋە

سۈيقەست پەرەسلىكنىڭ مۇنداق بىر ئاچچىق ئاقىۋىتى ھېكايەت قىلىنغان:

«... بىر كۈنى ئۈچ نەپەر ياش يىگىت ئىزدىگۈچى يولغا چىقىشتى ۋە بىر خىش ئالتۇن تېپىۋېلىپ خۇشال بولۇشتى. ئۇزۇندىن بېرى ئۇلار ئۇسسۇز ۋە ئاچ ئىدى. بۇلار شۇ يەردە بىرى- بىرى بىلەن مەسلىھەت قىلىشتى. ئارىلىرىدا بىرسىنىڭ يېشى كىچىك بولغاچ، ئۇنى شەھەرگە تاماق ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇشتى. قولىغا ئۈچ دەرەم بېرىپ مۇشۇ سائەتتە دەرھال ئاش - نان ئېلىپ كەل دېيىشتى. ئۇ، پۇلنى ئالدىيۇ شەھەرگە راۋان بولدى. گوياكى داۋانلار ئاشقاندەك يول ماڭدى. بۇ يەردە قالغان ئىككىسىنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ: «ئاش ئېلىپ كەلگىلى كەتكەن قايتىپ كەلسە، دەرھال پىچاق تىقىلى» دەپ گەپنى بىر قىلىشتى. ھېلىقىمۇ يولدا كېتىۋېتىپ: «ئاشۇ بىر خىش ئالتۇننى يالغۇز ئالسام نېمىدېگەن مەنپەئەت بولاتتى» دېگەنلەرنى ئويلىدى، سېتىۋالغان ئاش، نان، گۆشلەرگە زەھەر ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، ئالاندىن بىر سۇغىغا ئوبدان جايلاشتۇردى. تاماقنى كۆتۈرۈپ بۇلارنىڭ قېشىغا تېزلىك بىلەن قايتىپ كەلدى. بۇ يەردە تۇرغان ئىككىسى دەرھال ئۇنىڭ بېشىغا پىچاق ئۇردى. شۇندان قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، كۆڭۈللىرىنى خاتىرجەم قىلىشىپ ئولتۇرۇشتى، ئاندىن كېيىن ھەر ئىككىلىسى خۇشاللىق بىلەن ھېلىقى تائاملاردىن بىر - ئىككى لوقمىدىن يېيىشكەنىدى، شۇ زامان ھالاك بولۇشتى...»

ئەي خالايىق! پۇل - دۇنيا ۋەسۋەسىسى - بەدنىيەتلىكنىڭ ئاقىۋىتىدۇر. بىر خىش ئالتۇن يەنە شۇ يەردىلا قالدى.

* * *

بىر - بىرى بىرلە قېرىنداش ئېردىلەر،
غەم بىرلە مېھنەتتە مۇڭداش ئېردىلەر.
بىر - بىرىگە ئېردى مۇشپىق، مېھرىبان،
ئەھدى ھەم ئېردى دوستلۇق چاۋىران.
تاپتى ئۈچ تەن بىر خىش ئالتۇن ناگاھان،
پىتنىلەر ھەم بولدى پەيدا شۇ زامان.
پىتنىدىن ئۆلتۈردى ئۈچ تەن بىر - بىرىن،
نەپسى شەيتان بىرلە بولدى ھەم قېرىن.
بارچە ئەخلاق باشىدۇر رەھمەت ۋاپا،
قېرىنداشقا پۇلنى دەپ قىلما جاپا.

**كەسپىي كەيپىچىلىك يولىنى تۇتقانلار - (كەيپىي نىجاسەتلەرگە خۇمارلىق قىلىدىغان، بېرىلگەن، ئۇ خىل نەرسىلەرنى پەيدا قىلغان، تارقاتقان، كىشىلەرگە سايە قىلغان، يۇقتۇرغان ھاراقكەش، بەڭگى ... بەدبەختلەر)نى يەكلەش، پەيلىدىن ياندۇرۇش، ئەدەبلەش توغرىسىدا:**

«... ئەي ئىككى جاھاننىڭ ئاپتاپى، ئەقىل خەزىنىسى، ئادالەت ھامىسى، - دەپ سورىدى شاھتىن مۇنەججىم تەزىم بىلەن، - ئەگەر غەزەپ - نەپرەت قىلماققا ئىختىيار ئەتسىلەر (ئۇنى) قانداق كىشىگە، قانداق چاغدا، قانداق ھالەتتە ئاشكارىلىماقنى راۋا كۆرەرلەر؟

شاھ دېدى: نەھى ھارام — (مەست قىلغۇچى نىجاسەت - ئا)نى تاناۋۇل قىلىش - (ئىچىش، چېكىش، يېيىشكە - ئا)قا ئادەت قىلغان كىشىگە، كەيىپ بولغان چاغلىرىدا، ئەل - خالايىق كۆزىدە غەزەپ قىلغايمەن ... ئۇلارنى خۇدا بەندىسى، پەيغەمبىرىم ئۇممىتىم، چاھار يارلەر يارانىم، ئەل - خالايىق دوستۇم دېمىگەيلەر ... ئۇنداقلارنىڭ پەرزەنت، ئەۋلاد، ئەجدادلىرى ... ئۇلارغا نەسلى ھەمراھ، تەقدىرى ئورتاق، رىزقتا شېرىك بولۇشتىن ئۈيۈلىدۇ،قاچىدۇ...»

—(«ئەزىزانلار تەسنىپلىرى»دىن)

① مۇھەممەت بىننىي ئابدۇللا خاراباتى (دەئۋايى ئىشىق بىلەن خاراب بولغان) تەخمىنەن 17 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى 18 - ئەسىرنىڭ باشلىرى ئەتراپىدا ئاقسۇنىڭ چوڭتال كەنتىدە تۇغۇلۇپ، ياشىغان، يازغان ئالىمدۇر. خاراباتى ئۇنىڭ تەخەللۇسى. «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» - (خاراباتىنىڭ تەسنىپلىرى توپلىمى - ئا) ئەسىرىنى تەخمىنەن مىلادى 1726 - يىللىرى ئەتراپىدا يەنى شىنجاڭنىڭ تەقدىرى جۇڭغارلارنى ئارقا تىرەك قىلغان قورچاق دانىيال خوجا «خانلىقى» قولىغا چۈشۈپ قالغان ئىنتايىن نادامەتلىك چاغلارنىڭ بىر ئىسكەنجىسىدە، مىللەت - خەلق دەئۋايى ئىشىق ئوتىدا كۆيۈۋاتقان ئېغىر يىللاردا يېزىپ چىققان. بۇ ئەسەر مىلادى 1907 - يىلى موللا مىرمەخدۇم بىن شاھى يۇنۇس مەرھۇمنىڭ خىراجىتى بىلەن تاشكەنت ئارىپجانوۋ مەتبەئەسىدە بېسىلغان. كېيىنرەك موللا مۇزەپپەر شوكۇر مۇھەممەت ئوغلىنىڭ خىراجىتى بىلەن تاشكەنت غۇلامىيە چاپخانىسى —(مەتبەئەسى)دە كۆپەيتىپ بېسىلغان. ھۆرمەتلىك مۇئەللىپ ئەزىز ساۋۇت بۇئالىم ۋە ئۇنىڭ مەزكۇر ئەسىرىنى ئاقسۇ «تارىم ئەدەبىياتى»نىڭ 1980 - يىل 4 - سانىدا ھازىرقى زامان جامائەتچىلىكىمىزگە قىسقىچە (ئىز - دېرەك) تونۇشتۇرغان (بۇ ئىزاھات شۇ ماتېرىيالدىن سۈزۈۋېلىندى - ئا).

دەرۋەقە، ئەجدادلىرىمىز ئەزەلدىن نەھى هارام نەرسىلەر - (هاراق، نەشە، مەجۇن، تاماكا ... مەست ۋە بىهوش قىلغۇچى كەيىپ بويۇملىرى)نى ئىستېمال قىلىش، ئۇنىداق نەرسىلەرگە كەسىپلىنىش، كۆنۈش، ئادەت قىلىشتەك قىلىق، ئورۇنۇشلىرىدا بولغۇچىلارنى قەبىهە گۇناھ يولىغا كىرگەنلەر، ئەلنىڭ نەپرەت نىشانلىرى، ئۆز ئۆمرىنىڭ قاتىللىرى، ۋەتەن، خەلق مەرەزلىرى قاتارىدىن كۆرۈپ، نەپرەت، غەزەپلىرىگە نىشانلاپ كەلگەندۇر ۋە كەلمەكتىمىز...

«دۇت - (تۇتۇن)، هاراق - شارابلار بىلەن ئۆمۈر چىرىتكەن خەس كۆڭۈل، خاراموش، ئېتىبارى كۆل كىشىلەر ئىنسان خاسلىقى - (خاسىيىتى - دىيەكچى-ئا)دىن يەنى ئەلگە گۇۋاھ - شاهىد بولۇشتىن، جامائەت هۆرمىتىدىن، يۇرت غورۇرىدىن، كەسپىي ئۇلپەتچىلىكتىن، ئىلمىي تەقرىز - مۇهاكىمىدىن، رىشقى - نېمەتتىن، كەسىپ، هۈنەرلىرىدە بەرىكەتتىن، راست ۋە توغرىلىقتىن ... مەهرۇم ۋە چەتتىدۇر ... مەستنىڭ ۋەدىسىگە، تۆۋىسىگە، ئىمانىغا، ئىمتىياز، دۇنياسىغا ... ئىشەنمەك - گوللۇقتۇر ...»

— («ئەزىزانلار تەسنىپلىرى»دىن)

ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىختا كەسپىي كەيپچىلىك يولىغا يۈرگۈچىلەرگە قارشى تۇتقان چارە - مەۋقەلىرى مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، هازىرقى زامان ئىنسانلىرىنىڭ بۇخىل كىشىلەرگە تۇتقان، قاراتقان مەۋقە - قاراشلىرى بىلەن ئاهاڭداش هەم بىردەكتۇر.

ئىچمەسلىك - (هاراق ئىچمەسلىك - ئا) ئوچاقتا ئوتۇن، قازانغا گۆش، داستىخانغا نان، دۆلەتكە دارامەت، يانچۇققا پۇل، تەنگە كۈچ، ئۇستىباشقا كىيىم - كېچەك، مېڭىگە ئەقىل، ئائىلىگە پاراۋانلىق بەخش ئېتىدۇ.

بۇگۈنكى كۈندە بارچە تۈزۈملەرنىڭ جىنايەتلىرىنى، ۋىجدانسىزلىقنى، تۇرمۇشتىكى ئۈچەمەس داغلارنى قانچىلىك ئىچىلگەن هاراقنىڭ مۆلچەرى بىلەن ئۆلچەيسەن؟

ئىچمەسلىك - تۇرمىلەرنى تولدۇرۇپ تۇرىدىغان خىزمەتكار.

ئىچمەسلىك - ئادەمنى قاتىل ۋە ئوغرىغا ئايلاندۇرىدۇ.

كۆپلىگەن تەنتەك ۋە ئەقلى زەئىپ كىشىلەر - ئىچمەلىككە بېرىلگەن ئاتا - ئانىلاردىن تۇغۇلىدۇ.

—(يۇقىرىقى مەزكۇر جۈملىلەر: ب. فرانكلىن، ۋ. ماياكوۋسكىي، ئا. بودرىراللار، ك. كولتۇك، ف. ئېڭېكونلار ئەسەرلىرىدىن ئۆزۈندە قىلىندى - ئا.)

## ▷ «تەنەپپۇسلۇق سوۋغىلار»دىن ◁

ئەيىبسىز كىشىنى تىل تىغى بىلەن رەنجىتىش، ساق كىشىنى نەشتەر ئۇرۇپ جاراهەتلەش بىلەن تەڭدۇر.

بىراۋغا زەرەر يەتكۈزگەن كىشى، ئۇ كىشىدىن تېخىمۇ قاتتىقراق زەرەر كۆرىدۇ.

هىممەتلىك كىشىلەر خەلق ئارىسىدا هۆرمەتلىك بولىدۇ.

مېهنەت قىلىپ تېپىلغان بىر تەڭگە، بىراۋنىڭ بىكارغا بەرگەن خەزىنىسىدىن ياخشى.

بۇ دۇنيادا مەڭگۈ قىلىش مۇمكىن ئەمەس، ئەمما ياخشى نام قالدۇرۇش ئۇلۇغ سائادەتتۇر.

هەر بىر قەدەمىڭنى بىلىپ باسساڭ ئەلەم كۆرمەيسەن، هېچقاچان ئۈكۈنمەيسەن.

چۈشىنىلەر هەر قاچان يارا ۋە جاراهەتلەرگە تولىنىدۇ، قارا نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ كۆڭلى هەر خىل ئەندىشىلەردىن خالىي بولالمايدۇ.

ئەسكەرلەرنىڭ كۆڭلىنى هۆرمەت بىلەن، خەلقنى ئادىللىق بىلەن خۇشال قىل.

ئادەملەرنى يۇقىرى مەرتىۋىگە كۆتۈرۈشتە ئالدىدا ۋە ئەرزىمىگەن ئىش ئۈچۈن خورلىما.

نادان تەرىپىدىن بولىدىغان مەسلىهەتتە خاتالىقنىڭ بولۇشى چوقۇمدۇر ۋە دۈشمەن نەسىهەتىدە ئالدامچىلىقنىڭ بولۇشى ئېنىق.

غەرەزسىز توغرا مەسلىهەت بەرگۈچىلەر دۇنيادا تەڭداشسىز كىشىلەردۇر.

كىشىلەر ئۈچۈن پايدا يەتكۈزۈۋاتقان بولساڭ، بۇ پايدا كىشىلەردىن كۆرە - ئۆزۈڭگە كۆپرەكتۇر.

قولۇڭدىن كەلسە، قىلار ئىشىڭنى بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرمە.

ئەقلى بولمىغان قېرىدىن ئەقىللىق بالا ياخشى.

ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى كىشى - دۈشمەنلىك ئۇچىقىدۇر.

هىممەتسىز كىشى پەستۇر، كىشىنىڭ هىممىتى بولمىسا، ئۇنىڭ هۆرمىتىمۇ بولمايدۇ.

بارلىق شىرنىلىقلارنى تېتىدىم، لېكىن ساقلىقتىن ئارتۇق شەربەت تاپالمىدىم.

— ناۋائى

AltunOq

## 4. كەسپىي ئەخلاق

كەسپىي ئەخلاق نېمە؟ كەسپىي ئەخلاق — (ئاددىيلاشتۇرۇپ تەبىرلىگەندە) بەلگىلىك كەسپىي ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشىلەر ۋە كىشىلەر تۈركۈملىرىنىڭ مەلىكىلىك ئەمگەك، كەسپىي تىرىكچىلىك جەريانلىرىدا ئەمگەك قىلىشقا تېگىشلىك بولغان شۇ بەلگىلىك كەسپىي پائالىيەتلەرگە خاسلا مۇئامىلە - مۇناسىۋەت مىزانىدۇر. بۇ مىزان ئادەتتە كەسپىي ئەخلاق — (سودىگەر ئەخلاقى، تېۋىپ ئەخلاقى، ئوقۇتقۇچى ئەخلاقى، سەنئەتچى ئەخلاقى، ھۈنەرۋەن ئەخلاقى، ھەربىيلەر ئەخلاقى ... دېگەنگە ئوخشاش) دېيىلىدۇ. دۇنيادا ئىجتىمائىي كەسىپكە مەنسۇپسىز ئادەم بولمىغاندەك، ئىجتىمائىي كەسپىي ئەخلاققا مەنسۇپسىز كەسىپمۇ بولمايدۇ. شۇڭا كەسپىي ئەخلاق ھەرقانداق زامان، ھەرقانداق جەمئىيەتتە ئىنتايىن چوڭ ئاممىۋىلىق ئەھمىيىتى بىللەنمۇ ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ خىل ئەخلاق - ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بولۇپمۇ جەمئىيەتنىڭ كەسپىي تۇرمۇش پەنجىرىلىرىدە ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، چىنلىق بىلەن ساختىلىق، ھالاللىق بىلەن ھاراملىق، ئادالەت بىلەن ئادالەتسىزلىك، شەرەپ بىلەن نومۇسسىزلىق ... ھادىسىلىرىگە نازارەتچىلىك قىلىدىغان كۈچلۈك جامائەت پىكىرى قورالى، دىخلىسىز كەسپىي ئېتىقاد، ئادەت كۈچى، ھۆكۈمران خەلق ئېتىبارى بىرلىككىدىن ھاسىل بولغان مۇقىم كەسپىي تەپەككۇر (ئىدىيە) سۈپىتىدە رول ئويناپ تۇرغان، تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەرقانداق زاماندىكى ئەھمىيىتىنى زادىلا تۆۋەن چاغلاشقا بولمايدۇ. دېمەك، كەسپىي ئەخلاقنى مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، كەسپىي ئىلىم ۋە كەسپىي قانۇن دېيىشكىمۇ تامامەن بولىدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، دۇنيادا ئىجادىيىتى يوق مىللەت ياكى خەلقنىڭ تارىختا شۆھرىتى بولمايدۇ، شان - شەرەپ، ھۆرلۈك، پەخىرمەنلىكى بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئىجادىيەت بىرەر مىللەت ياكى بىرەر خەلقنىڭ تەقدىر ئۆتكىلى ۋە تارىخ ئۆتكىلىدۇر. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، تارىختا، بولۇپمۇ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر تارىخىدا ھەر خىل ئىجتىمائىي كەسىپچانلىقى، ئىجادكارلىقى (ئىلىم، ھۈنەر، كەسىپ، تىجارەت، ئىجادىيەت، ئىختىرالىرى) بىلەن دۇنيادا بولۇپمۇ ئاسىيادا ئالدىنقى قاتاردا تونۇلغان، شۇ تارىخلار بويىچە كەسىپكە كىرەلىگەن، كەسىپلىشەلىگەن، تەبىئىي تۇرمۇش ئادەتلىرى بىلەن داۋاملىشىپ تۇرغان مىللەتلەر ۋە خەلقلەرگە كەسپىي مەدەنىيەت تەسىرىنى ئۆتكۈزۈپ ياكى ۋاسىتىلىق يۇقتۇرۇپ ئۇستازلىق، كەسپىي ئۆرنەكلىك تۆھپىلىرى بىلەن داڭ چىقارغان — (بۇ پىكرىمىزنىڭ تارىخىي ئاساسىنى مەزكۇر ژۇرنالنىڭ بۇ يىللىق 1 - سانىدا شەرھىلەپ ئۆتكەنىدۇق - مۇئەللىپ) ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىختىكى كەسپىي ئەخلاقىنى شۇ زامانلارغا نىسبەتەن مەزمۇنى تولىمۇ كەڭ، مۇكەممەل، ئىلمىي، ئاممىباب، تەسىردار (شۆھرەتلەنگەن) مىللىي ئەخلاق ئىدى دېيىشكە تامامەن بولىدۇ.

سەئىدىيەلەر بولۇپمۇ 16 - ئەسىر سەئىدىيەلەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مۇكەممەل ئەخلاق سىستېمىلىرىدىن بىرىمۇ ئەنە شۇ خىل كەسپىي ئەخلاق سىستېمىسى ئىدى. تۈرلۈك تارىخىي مەنبەلەردىن بىلىشىمىزچە، شۇ زامانلارنىڭ ئەقلىي تەربىيە، ئەمگەك تەربىيىسى، جىسمانىي تەربىيە، ئىستېتىكا تەربىيىسى ۋە باشقا تەربىيە تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك ئەنە شۇ خىل كەسپىي ئەخلاق سىستېمىسىنى تۈپ مەنبە قىلىپ جانلانغان ۋە شاخلانغاندۇر. بۇ خىل

سىستېمىنىڭ ئىجتىمائىي ئۇلى — (جەمئىيەتلىشىش جەريانىمۇ ھەم) شۇ جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي كەسىپپەرەستلىك، ئادالەتچىلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، ھەققانىيەت، توغرىلىق، تەڭلىك، ھۆرلۈك ۋە تەرەققىيات مەزمۇن قىلىنغان خاسىيەتلىك مىللىي جەمئىيەت ئىدېئولوگىيىسىدىن ھاسىل بولغان ۋە جانلانغان. «بەلەن گەپلەر» نىڭ مۇئەللىپى — ھۆرمەتلىك ۋەقەشۇناس مامۇت ئىسلام بىزنىڭ بۇ تەرىپىمىزگە ئىجابىي ياندىشىپ ئەينى چاغلاردا مۇنداق يازغانىدى: «... ئەزدەزانلار دەۋرى - دەۋرانلىرى — (سەئىدىيلەر زامانلىرى دېمەكچى - ئا) دا كەسىپلەنمىگەن، كەسپىي رىسالىلەر، پىرلەر — (ئۇستازلار — ئا) دامىدا بولمىغان ھەر قانداق تىرىكچىلىك ھەرىكەتلىرى ھارام ۋە مەنئى ئېرىدىلەر ... دىيانەت مەۋقەئى بولمىغان، مەزھەپ — (كەسپىي ئېتىقادچىلىق يولى - ئا) تۇتمىغان، ھالال — ھارام چۈشەنچىسى مۇجمەل ... ھەر قانداق كەسىپكار، جاھانساز پۇقراغا توغرا يول كۆرسەتمەك، ھالال كەسىپكە كۆندۈرمەك ۋە ئۇ يولدىن بەھرىلەندۈرمەك شەرت ھەم ۋاجىب ئېرىدىلەر ... كەسىپ - كارى يوق، ھۈنەر - ھەرىكەتسىز ۋە پاكى ھۈنەر - ھەرىكەتكە ھىممەتسىز، ئاللاھتىن تىرىكلىك، بەندىدىن رىزىق، جاھاندىن نەپ تىلەشنى ئارزۇ - ئىستەك قىلغان لەش تەنلەر — (تىرىكتاپ ئاشقىپىلەر — ئا) ئەل دەككىسىدىن بىخالى، گۇمانغا نىشان، رىزىقىدا خاراب، يۇرتتا خار، مالاقەتتە يېتىم — (ئەلدىن يەكلىنىپ - دېمەكچى — ئا)، خارىزار — بېئەتىبار ئېرىدىلەر ... ئەنە شۇنداق نامېخىل پېشكەل مۇسۇلمان يارانلارنى توغرا جاھانسازلىققا، ھالال كۇنگە، توغرا تەرەپكە، ئاددىمىي خىسلەتكە باشلىماق، ئەمرى ئۆگۈت — (نەسىھەت) قىلماق ساۋاب، پەزىلەت تاپقانلىق بولاتتىلەر ...»

سەئىدىيلەر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي مىجەز نامىسى ھېسابلىنىدىغان بۇ خىل كەسپىي ئەخلاق تەپەككۇرىدىن شۇنى ھېس قىلىشقا بولىدۇكى؛ شۇ جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى ئومۇمەن ئىجتىمائىي تەرەققىيات — (يۈكسىلىش) ئىزىغا چۈشۈرۈلگەنلىكى، خەلق ئىجادىيەتكە يېتەكلەنگەن، قىستالغان ھەم ئادەتلەندۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، خەلقنىڭ كەسپىي تەرەققىياتى، مەئىشىتى، كەسىپلىشىشى يۈكسىلىپ، جەمئىيەتتە ئىش-ئوقەتسىزلىك، نامراتلىق، ئىجتىمائىي ئىللەت - جىنايەتچىلىك، تەپىرىقە، نىزا - خۇسۇمەت، كۆچكۈنچىلىك، سەرگەردانلىق — (يۇرت ، ماكانسىزلىق)، چۈشكۈنلۈك، خورلۇق، چىرىكلىك ... ئىللەتلىرى جەمئىيەت خاراكتېرلىك مەۋجۇدلانمىغان، خۇددى «شەرئىيىتىمىزنىڭ خاسىيەتلىرى» ① دە تەكىتلەنگەندەك: «ئەلدە ساۋاب كۆپ گۇناھ ئاز، يۇرتتا ھەرىكەت، بەرىكەت، خاسىيەت، ساۋاب كۆپ...» بولىدىغان ئېسىل ۋەزىيەت مۇقىملىقى تىكلەنگەن. بۇ خىل كەسپىي مەۋقەلەر بىلەن كەسپىي تەرەققىياتلار خاسىيىتىدىن بىزنىڭ بۇ ئەزىز ماكانىمىزنىڭ شۇ زامانلاردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەئىشەت بۆلىقى، بەرىكەتلەر خەزىنىسى، يەر يۈزىنىڭ «جەننەتۇل ئەلا» سىغا ئايلانغانلىقىدا شەك يوقتۇر. شۇ چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيا ھەتتاكى ئاسىيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدىن بىزگە ئېقىپ كىرىپ ئارام تاپقان ھەم زىيارەت، تاۋاپ، تىجارەت سەۋەبكارلىقى بىلەن بىزگە ئۆزلۈكىدىن كېلىپ يەرلىشىپ جاھان تۇتقان كىشىلەرنىڭ ئىنتايىن كۆپ بولۇشى مانا شۇ خىل ئەۋزەل شارائىت تۈپەيلىدىندۇر.

① «شەرئىيىتىمىزنىڭ خاسىيەتلىرى» - «تەزكىر پىر - ياران» دېگەن ئەسەرنىڭ ئايرىم ماۋزۇلانغان بىر قىسمى - ئا.

ئىخچاملىق ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن مەزكۇر ماۋزۇيىمىزنى مۇنۇ بىر مىسال يەنى ـــ «سودىگەر ئەخلاقى توغرىسىدا» دېگەن مىسال بىلەنلا خاتىمىلەيمىز.

سودىگەر - (كەسپىي سودىگەر) ئەخلاقى توغرىسىدا: «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن» ① ـــ (ياخشىلارنىڭ ئەخلاقى - ئا) دېگەن ئەسەردە مۇنداق دېيىلگەن: «بەندىلەر ھەر بىر ئىشى ـــ (جۈملىدىن كەسپىي تىجارەتلىرى ـــ ئا)دا ئۆز نەپسىنىڭ ـــ (خاسلا ئۆز شەخسىيىتىنىڭلا - ئا) پىلانىنى ئارىغا قوشماسلىقى لازىم. نەپسانىي شەرەز ھەققانىي ئەمەلنى ـــ (توغرا نىيەت، توغرا ئىش - ھەرىكەتنى - ئا) ۋەيران قىلىدۇ ...»

*

«رىسالە تەۋەررۇكات» ② تا مۇنۇلار قەيت قىلىنغان: «... سودا قىلماق، كەسىپ تۇتماق، سودا، كەسىپ - ھۈنەرنى نەسلىگە سايە قىلماق، شاگىرت چىقارماق، باشلىماق، ئۆگەتمەك، كۆندۈرمەك، ئۆز كەسپى - تىجارەتلىرىدە ۋە ھۈنەر - پەشمەتلىرىدە ئەلنى رازى قىلماق، ھالال يول تۇتماق، ئەل - يۇرتقا، ئاتا - ئانىسىغا نەپ بەرمەك، ساداقىتىنى بۇزماسلىق ئۇلۇغ ساۋاب ھەم شەرەپتۇر. ھالال كەسىپ، توغرا يولنى ئىتىمات ئەتكەن ـــ (تاللىغان، ئىختىيار قىلغان - ئا) ھەر بىر ئەھلى مۇسۇلمان كەسىپكار - شەيىن، تارازا، گەز، كەمچەن، ساناق، ساندا ئۆزىنى ھارام قىلىشتىن، سەۋەنلىك ۋە مالالچىلىقتىن ئىنتايىن خالىي تۇتماقلىقى، ئەلگە قەھەتچىلىك، كاساتچىلىق، قىممەتچىلىك، مۇشكۇلچىلىك، نومۇس، كۆلپەت، خورلۇق ... كەلتۈرىدىغان قىلىق - قىلمىشلاردىن ئۆزلىرىنى تارتىشلىرى، ساقلاشلىرى شەرتتۇر. بۇلار شاھلاردىن يارلىق، شەرىئەتتىن ئەمىر، خالايىقتىن تەلەپ، زاماندىن مەجبۇرىيەت تەرىقىسىدە تەكىت قىلىنغان ۋە بېكىتىلگەنلىكى ئۈچۈن، مۇتلەقا ئۇقۇم - مۇتلەقا قانۇندۇر ...»

تارىخىمىزنىڭ بۇ خىل يازما دەلىللىرىدىن ئەينى زامان ـــ 16 - ئەسىر سەئىدىيىلەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ سودا - سانائەت كەسپچىلىكى بىلەن كەسپىي ئەخلاقىنىڭ ئومۇمەن ئىناۋەت بىرىنچى، خېرىدار بىرىنچى، ئىنساب بىرىنچىلىكىنى مۇقىم مەۋقە قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تامامەن مۇمكىندۇر.

## 5. ئۆرپىدىكى ئىجتىمائىي ئەخلاق

ئۆتمۈشتىن بىزگە ئۇلىنىپ كەلگەن تارىخىي خاتىرىلەردىن ئايان ۋە مەلۇمدۇركى، سەئىدىيىلەر ئالتۇن چاغلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىدا ئالاھىدە شۆھرەتلەنگەن ئۆرپىدىكى ـــ (ئۆرپ - ئادەتتىكى) ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىمىز تەركىبىدە مۇنۇ ئىپادە - قىلىقلار تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ۋە خاراكتېرلىكتۇر:

① «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن» ـــ مەۋلانە ھۈسەيىن ۋائىز كاشىفى تەرىپىدىن 15 - ئەسىردە ھىراتتا پارس تىلىدا يېزىلغان ئەسەر - ئەخلاقنامىدۇر. بۇ ئەسەر مەشھۇر ئەدىب ۋە تەرجىمە ئەللامىسى - ئۇيغۇر موللا مۇھەممەت تۆمۈر قەشقەرى تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

موللا مۇھەممەت تۆمۈر قەشقەرى چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە ئەدىب ۋە مۇتەپەككۇر بولغاچقا، مەزكۇر ئەسەر بىلەن «كەلىلە ۋە دەمنە» دېگەنگە ئوخشاش زور ھەجىملىك ئەسەرلەرنى ئاجايىپ يۇقىرى تالانت بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تەرجىمە قىلىپ چىققان. شۇ سەۋەبتىن بۇ ئەسەر ئۇيغۇر تىلى مۇھىتىدىكى خەلقلەرنىڭ ئاڭ، چۈشەنچىلىرىگە گويا ئۆز بايلىقىدەك ئۆزلىشىپ، سىڭىپ كەتكەن.

مەن بۇ ئەسەرنىڭ ھازىرقى زامان يەشمىسىنى ھۆرمەتلىك ئەدىبلىرىمىزدىن مۇھەممەت قاسىم نەكرەم، تۇرسۇننىياز كىۋەدىلەر تەرىپىدىن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىل 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان تەييار ئەينىدىن پايدىلاندىم.

② «رىسالە تەۋەررۇكات» ـــ «تەزكىر پىر-ياران» دېگەن ئەسەرنىڭ ئايرىم ماۋزۇلانغان بىر قىسمى.

... ئىككىلا ئالەملىك خاسىيەت ۋە ساۋاب تاپ-
ماقتا تۇتۇنغان ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىنسانلىق،
مۇسۇلمانلىق ۋاجىباتى، قەرزى - ئادەتتە ئەخلاق
يولى بىلەن ئادا بولغاي. بۇ ئەخلاق يولىدا ئىن-
ساننى ئىنسانلىق يولىغا باشلىغان ئۇستازغا، ئىن-
ساننى ئىنسان قىلغان ئاتا - ئانىلارغا، ئىنساننى
دۇنيادا مەلىكىلىك ئىنسان قىلغان سەۋەبكار ئادەم-
لەرگە، ئىنساننى توغرا يولدا يېتەكلىگەن داھىي-
لارغا، ئىنساننى ۋىجدان، ئادالەت، شەرەپ، ھۆرلۈك
ئىزىغا سۆرەپ كىرگۈچى دانىشمەن زاتلارغا، شەپ-
قەت - شاپائەتكە مۇھتاج نەسلى يارانلىرىغا، نام-
رات قەۋم - ھەقەمسايىلىرىگە ۋاپا قولىنى تەگكۈز-
گەن مەرد - سېخىيلەرگە ھۆرمەت ئەخلاقىنى ئىپادە
ئەتمەك، ئېھتىرامدا بولماق، ئۇلار بىلەن سۆيۈن-
مەك، پەخىرلەنمەك ھەق ۋە شەرەپتۇر ...»

—(«شەرئىيىتىمىزنىڭ خاسىيەتلىرى» دىن)

يۇقىرىدىقى باياننىڭ ھازىرقى زامان تەرىپاتىغى مۇنداق شەرھىلەش - يېشىش مۇمكىن.

1) ئۇستاز — (ئاغزىدىغا ئىلىم سالغان، تەربىيە قىلغان، كەسپىيات، ھۈنەر، كەسىپ ئۆگەتكەن، كەسىپلەندۈرگەن، يېتەكلىگەن ئۇستاز، ئۇستا، يېتەكچىلەر ...) غا؛ 2) ئاتا — (ئاتىلىق ئەجرىنى چەككەن، پۈشتى، مېھرىنى سەرپ قىلغان ئەزىز ئاتىمىزغا ئەلۋەتتە) غا؛ 3) ئانا — (ۋاپالىق، تەن دۈرۈس، ھالالچى، ئىشچان، ئەدەبلىك، قەيسەر، ئەل بەختىگە جان بېغىشلايدىغان ئادەملەرنى تەربىيىلەيدىغان، تەربىيىلىگەن ئانىلارغا ئەلۋەتتە)غا؛ 4) ئەل پېشىۋالىرى — (ئەلنىڭ ھۆرمەتلىك يېتەكچىلىرىگە، ئۆلىما، ئەدىب، تېۋىپ، سەنئەتكار، مۇنەججىم. . لەر)غا؛ 5) ئەھلى خالايىق — (جامائەت، خەلق) قە؛ 6) ئادەت — (ئەل يۇرتنىڭ ئەنئەنە ئادىتى)گە؛ 7) ھەق - ئادالەت — (خەلقنىڭ قانۇنى ۋە قانۇننى چىقىش قىلغان ھەر خىل ئىجتىمائىي تەرتىپ - تۈزۈملەر) گە؛ 8) ئىستىقباللىق ئەمرى — مەرۇپ، يېتەكلەشلەر — (توغرا نەسىھەت، مەسلىھەت، تەشەببۇس، چاقىرىق، دالالەتلەر)گە؛ 9) بىچارىلەر — (ئەمگەك، تىرىكچىلىك سالاھىيىتىدىن ئايرىلىپ، بېقىمسىزلانغان، پاناھسىز قالغان يېتىم — يېتىملەر، نەسلى بىچارىلەر، بىقۇۋۋەل نەسلى قانداشلار)گە؛ 10) ئەلنىڭ پەخىرى يارانلىرى — (مىللىي قەھرىمانلار، باتۇرلار، ئىختىراچىلار، ئىجادىيەتچىلەر، ئەلگە مەنپەئەت ئاتا قىلغۇچى ...لار)غا؛ 11) ئۆز خىراجىتى بىلەن ئەل-يۇرت غېمىنى قىلدىغۇچىلار— (ئەل-يۇرت ئۈچۈن يول، كۆل، مەدرىسە، مەكتەپ، ئورمان، باغ، لەنگەر.... بىنا قىلغۇچىلار، ۋەخپە يەر، مۈلۈك، بايلىق بەرگۈچىلەر) گە ھۆرمەت مۇلازىمىتىدە بولۇش، تۆھپە ۋە ئەجىرىگە لايىق نام، شەرەپ ئاتا قىلىش، ئەزىزلەش— ئۇيغۇر مىجەزى (ئۆرپ-ئادەت)دىكى ئەقەللىي تۈيغۇدۇر. ئېسىل پەزىلەتنى مەدھىيىلەش، قەبىھ قىلىقلارنى ئەيىبلەش-ئەزەلدىن ئۇيغۇر نەسلىنىڭ پېسخىك ئالاھىدىلىكى بولۇپ كەلگەن، ئەلۋەتتە.

سەئىدىيىلەر ئالتۇن چاغلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىدا ئىجتىمائىيەت ئۈچۈن زىيىنى رۇشەن، مالامەتى ئېغىر، تەسىرى قەبىھ ھېسابلانغان بەد ئەخلاق — (ئەخلاقسىز، قەبىھلىك) مالا-مەتلەر تۆركۈمىدىن تۆۋەندىكى قىلمىشلارنى ئاتاپ ئۆتۈش زۆرۈردۇر. بۇ توغرىدا «ئۇلۇغلار-نىڭ نەپەس مۇبارەكلىرى توغرىسىدا» دېگەن قولىيازمىدا تەكىتلىنىدۇكى: «... ئىنساننى ئىن-سان قىلغان ئۇلۇغ ئۇستازنىڭ، ئىنساننى بار ۋە مۇلازىم قىلغان ئەزىز ئاتا-ئانىنىڭ قېيىنى تۆككەن، رىزىق، شەرىپىگە ئاسىيلىق قىلغان جىمىنى ئادىدى ئىنسانغا، مەزلۇم- بىچارىلەر-گە زوراۋانلىق قىلغانلارغا، ۋەتىنىگە، ئەل-يۇرتىغا، خەلقىغە، قەۋم-يارانلىرىغا ئاسىيلىق ۋە ۋاپاسىزلىق قىلمىشلىرىدىن يانمىغانلارغا، نەسلىنى ساتقان، جىنسىي دەللاللىق كەسپىنى

ئىشلىگەن، ئەر تۇرۇپ ئاياللىق، ئايال تۇرۇپ ئەرلىك قىلىقىدىن ئۇنۇم-نەپ كۆرۈپ كۆن-گەنلەرگە، جازانىخورلۇق، ئوغرىلىق، قاراقچىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلغان-گۇناھىدىن يانمايدى-غانلارغا، خەلق زىيىنىغا ئەيشى-ئىشرەت قىلىشنى ئادەت قىلغانلارغا، زالىم‌ئەمەلدارلار،قەھرى غەزەپلىكلەر، لۈكچەكلەر، زوراۋانلار، خۇنخورلار، تۈز كورلار، تۆھمەتخورلار، پىتنە-پاساتچى-لارغا، ئادالەت، ئىنساپ، ھايانى كەسىپ قىلمىغانلار... غا، زىنايى ھارامنى، نەھى-دۈت- تۇ-تۇن، شارابنى دوست تۇتقانلارغا خالىس كۆڭۈل، ئاق نىيەت بىلەن ئارايىش-(بېرىش-كېلىش - ئا) قىلماق، ھۆرمەت خۇشامىتىدە بولماق، تەرىپ-تەسۋىرلىرىنى قىلماق نابابلىقتۇر، كورلۇق، خوشامەتكارلىقنى كەسىپى ئىختىيار قىلغانلىق، ۋىجداندىن بەزگەنلىكتۇر».«كارۇك رىۋايىتى» ①
دېگەن بىر يەرلىك خاتىرىنىڭ مۇنۇ قۇرلىرى يۇقىرىقى قاراشلار ئۈچۈن بىر مىسالىدارتىمىدۇر:

—داد ! ھەزرىتى‌قازى قۇززات ئالىيلىرى، — دەپ ئەرز- ھاللىرىنى تۆكتى كارۇك قازى ئالدىدا نا-ماز خانلىق ئەلپازىدا تۇرۇپ: - پەقىرنى سەردار ساھىب - (چاكارلىق ھىندى سودىگەر -مۇھاجىر ئەل-ۋەتتە-ئا) قارچۇغا بىلەن شكارغا بۇيرىغانىدى. شكاردا قارچۇغا قولۇمدىن چىقىپ كېتىپ‌مۇنۇناتەس دېھقاننىڭ ئۆگزە پەغىزىگە قونۇۋالدى. قارچۇغىنى ئېلىش نىيىتىدە ئۆگزىگە چىقىشقا تامدىن ئېسىلدىم. ناتەس ئۆگزىگە چىققۇزمىدى. جېدەللەشتۇق، ئۇر-دۇم، ئۇردى. ئاغزىمنىڭ ئۈچ يېرىدىن ئۈچ چىشىمى-نى چۇشۇرۇۋەتتى. خۇن تەلەپ قىلىمەن. ئىگەم، نا-تەسكە جازا كۈتىمەن....

—جاۋاب بەر ھەقتا!— دېدى قازى دېھقان تۆ-مۇرگە نەزەر سېلىپ،—نېمىگە ئۇردۇڭ، چىشىنى چۈشۈرگىنىڭ‌راستمۇ؟ قانداق قىلىسەن؟

— ئۇرغۇنۇم، چىشلىرىنى تۆككۈنۇم راست،—دېدى دېھقان تۆمۈر مەردانە قىياپەتتە.- كالا دىنىنىڭ مۇرىتى— (ھىندى دېمەكچى-ئا) باسقان ئۆگزىنىڭ تېگىدە ياشاش- (ئىپلاس تاپاندا پاك ۋەتەن تو-تۇش) مېنىڭ نەسلى ئەجدادىم ئۈچۈن نومۇس ۋە نەسلىكتۇر. بۇ ھىندى ساھىب ئۆز تۈپرىقىمدا مېنىڭ بېشىمدىن ئاتلاپ ئۆتمەكچى بولدى. تىل سالدى. تىلىنىڭ ھاقارەت مېغىزىنى: جەددە-پۇشتۇمنى، ئەۋ-لادى ئەساۋىمنى، ئەڭ يامىنى مېنى تاپقان دادام، تۇغقان ئانام، ئۆگەتكەن موللام، قىزىم، ھەمشىرە ئاجىزلىرىمنى ئاياغ- ئاستى قىلىش، كەمسىتىش مەنىسىگە ئىشلەتتى. چىدىدىم. سوكۇت كاسەم تاشتى، قاتتىق ئەدەبلىمەكچى بولدۇم، لېكىن ئۆزۈمگە ھاي بەردىم. پەقەت ئاغزىغىلا نەسىھەت‌قىلىپ‌قويدۇم. ئۆگزىگەچۈشكەن كۆزى، قاراپ ئىلگىرىلىگەن پۇتى، تامغا كۆتۈرۈلگەن قولىغا قىلىدىغان نەسىھەتلىرىم ئۆزلىرىنىڭ ھەققانىي ھۆكۈملىرىگە بىنائەن ئەل-خالايىق ئالدىدا ئوچۇق ۋە ئاشكارا بولىدۇ....

ساھىب ئۆز قىلمىشىدىن تانىدى، پۇشايمان يېمىدى: ئىقرار قىلدى. قازىمۇ ساھىبنىڭ بىر مۇسۇلماننىڭ ئانىسىنى ھاقارەت قىلغان ئەيىبى بىلەن قارىلدى...

دەرۋەقە، ئۇيغۇر پۇشتىدا ئۆز تۇپرىقى، ئاتا-ئانىسى، ئۇستازى، خەلقى، شان - شۆھ-رىتىنىڭ ھاقارەتلىنىشىگە سوكۇت قىلىپ تۇرۇش سەۋرىسى ئەزەلدىن بولۇپ باققان ئەمەس. بۇ خىل سەۋر نومۇس سەۋرىسىدۇر.

+-+-+-+-+-+-+-+-+-◁«تەنەپپۇسلۇق سوۋغىلار» دىن▷+-+-+-+-+-+-+-+-+

ئادەم مەڭگۈ ئانىسىنىڭ بالىسىدۇر.ئانىنى مەد-ھىيلەيمىز.ئۇنىڭ مۇھەببىتى چەكسىز.ئۇبارلىق ئىنسانى-نى ئاق سۈت بىلەن باققان.

ئاياللار دۇنيانىڭ ئانىسى. ئانا دۇنياغا پەر-زەنت تۇغۇپ چوڭ قىلىپ بېرىپلا قالماستىن،مۇھەب-بەت بولمىسا بەخت بولماس.ئاياللار بولمىسا مۇھەببەت يى ئادەم تەربىيىلەيدۇ. كىشىگە تۇرمۇش خۇشال-لىقى بېغىشلايدۇ. ئانا تۇرمۇش ۋە تەبىئەتكە ئوخ-شاش ئادالەتچىدۇر. بارلىق بالىلار ئۇلارنىڭ يۈ-رەك‌پارىسى... قۇياش بولمىسا گۈل ئېچىلماس. مۇھەب-

---

① «بەلەن گەپلەر» دىن

AltunOq

بولماس، ئۇلار بولمىسا شائىر، قەھرىمانىمۇ بولماس. دۇنيادىكى ھەممە ئىپتىخارلىق ئانىدىن كېلىدۇ. دۇنيادىكى بارلىق گۈزەل نەرسىلەر ئانىغا بولغان مۇھەببەتتىن تۇغۇلىدۇ. ئانىنى - ھەممىگە قادىر ۋە قابىل ھاياتلىقنىڭ بۇلىقىنى مەدھىيىلەش كېرەك.

— گوركىي

## كەلگۈسىگە مۇندەرىجىلەر

ھۆرمەتلىك يارانلار: «كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئوچېركلىرى» نىڭ 2 - قىسمى يەنى «جاھالەت تۇمانلىرى» - (خوجا — ئىشانلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان جاھالەتلىك زامان) قىسمىنى مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 1988 - يىل 6 - سانىدىن باشلاپ 1989-يىللىق سانلىرىدا داۋاملىق ئېلان قىلماقچىمەن. بۇ ئەسەر تۆۋەندىكى تارماق ماۋزۇلاردىن تەركىبلىنىدۇ:

مەنپەسىز ساختا تەرىپاتلار.
تارىختىن كەلگەن نەسىلىك.
قاباھەت «ئەقىدە».
قۇيۇندىن كەلگەن «ئەۋلىيا»
نىقابلىق «پىر» لار.
نوقانچى ھازازۇللار.
ئالدام كەشپىياتچىلىرى.
زۇلمەت ياراتقۇچىلار.
زۇلۇم قازناقلىرىدا.
شەكلىسىز جىنايەت.
تەپىرىقە «پەرىشتە» لىرى.
قىرغىن «داھىي» لىرى.
چېگرىسىز «ئىنساب».
جانغا زامان «دۇئا» لار.
خاسىيەتسىز «ساۋاب».
شەيتان «مەرىپەت» تە.
مازار مېتىلىرى.
ئىنساب كىرمىگەن ھۇجرىلەر.
ھايات كۆشەندىلىرى.
قاباھەت قىلمىقلار.
نومۇس يوقاتقان خوجام.
خۇداغا يات قۇللۇق.
ئىسلام رەقىبلىرى.
ۋىجدانىغا زىد «ۋىجدان».
ئالدانغان ئەۋلاد.
چىراغسىز جاھالەت.
بۇزۇلغان تەقدىر.
خائىنلار ئىزىدىن.
تەتۈر پەلەك.
ئىجابەتسىز «دۇئا».
چالا ئويغىنىش.
تۇمان چولپانلىرى.
زەربىدىكى كەيپىيات.
ۋەزىيەتتىن كەلگەن ۋەزىپىلەر.
ۋەتەن شەھىدلىرى.
بىزگىچە كەلگەن نومۇس.
خاتىمە.

(داۋامى كېيىنكى سانلاردا)

---

(بېشى 47 - بەتتە)

— ياق، — دېدى سەدايى، — مەنمۇ كۆپىنىڭ بىرى بولۇپ يۈرۈۋېرەتتىم.

— ئەگەر دۇنياغا قۇرۇقلۇقمۇ، دېڭىز-ئوكيانمۇ يارىتىلمىغان بولسا ھەممىمىز ئوۋچار - قاناتقا ئايلىنىپ كەتكەن بولاتتۇق، ئۇ چاغدا ساڭا قۇرۇقلۇق تۈيۈلاتتىمۇ؟

— ياق، يەنىلا كۆپىنىڭ بىرى بولۇپ يۈرۈۋېرەتتىم.

خىيالپەرەست ئادەم ئۇنىڭغا يەنە سوئال قويدى:

— ئەگەر دۇنياغا كۈندۈز يارىتىلمىغان بولسا، ھەممىمىزلا شەپەرەڭ ياكى ھوقۇشقا ئايلىنىپ كېتەتتۇق، شۇنداقتا ساڭا قورقۇنچلۇق بولاتتىمۇ؟

— قورقۇنچلۇق بولاتتى، — دەپ جاۋاب قايتۇردى سەۋدايى. شۇئان ئۇنىڭ كۆزلىرىنى قورقۇنچ ئالامەتلىرى قاپلىدى.

— نېمىشقا؟ — دەپ ھەيران بولدى خىيالپەرەست، — ئۇ چاغدىمۇ يەنىلا كۆپىنىڭ بىرى بولۇپ يۈرۈۋەرمەسمىدىڭ؟

— كۆپىنىڭ بىرى بولۇشنىڭمۇ چېكى بار، — دېدى سەۋدايى قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، — مەن بېلىق، لەھەڭ، ئوۋچار قاناتنىڭ نەسلىگە ئايلىنىپ قالسامۇ مەيلى، لېكىن تۈن بەندىسى بولۇشقا رايىم يوق.



# چولپىرده ئىلهاملىرى



(نەسىرلەر)

ئەخمەت ئىمىن

## خاماندا

مەن خامانغا باردىم. خاماننىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئات تۇلۇقچا سۆرەۋاتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا بىر قىسىم كىشىلەر خامان سورۇۋاتاتتى. ئالتۇندەك دان ئۇلارنىڭ ئايىغىغا تۆكۈلسە، سامانلىرى يۇرقىراپ بېرىپ ھېلىقى ئاتنىڭ بېشىغا چۈشەتتى. ئاتنىڭ بېشىغا، بېلىگە ۋە ساغرىسىغا ئۇزۇن-قىسقا سامانلار چاپلىشىۋالغان؛ يايلى، قۇيرۇقلىرىمۇ توپان ساماننىڭ دەستىدىن كۆرگىسىز بولۇپ كەتكەنىدى. ئاتنىڭ تېنىدىن ئېقىۋاتقان تەرگە ۋە ئۇنىڭغا چاپلاشقان سامانغا قاراش بەكمۇ كۆڭۈلسىز، لېكىن ماڭا ئۇنىڭدىنمۇ بەك كۆڭۈلسىز تۇيۇلغىنى ئاتنىڭ كۆزىنىڭ تېڭىقلىقى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئات ئىگىسىنىڭ ۋارقىراشلىرىغا جور بولۇپ قولىدىكى قامچىنىڭ قارسىلداشلىرىمۇ تېخى.

ئىگىسى ئاخشىغا چۈشكەندە ئات بىرخىل ئايلىناتتى، ۋارقىراشقا چۈشكەندە تۇيۇقسىز چۆچۈپ قەدەملىرىنى ئىتتىك ئالاتتى، بېشىدا

قامچا ئويىنىغاندا بولسا ھودۇقىنىدىن يۈگۈرۈپمۇ سالاتتى.

ئات ئىگىسى شۇ تاپتا: «ئالتۇن دانلىرىم سامىنىدىن ئايرىلىۋاتىدۇ» دەپ مول ھوسۇلنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتقاندەك ئىدى.

ئات بولسا شۇ تاپتا: «مەن ئۇزۇن بىر مەنزىلگە كېتىۋاتىمەن» دەپ خىيالىدا ئاجايىپ بىر مەنزىلنىڭ قارىسىنى كۆرۈۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ خىيالىدا بەلكىم قويۇق ئورمانلىقتا كېتىۋاتقاندۇ؛ تېنىگە چاپلاشقان سامانلار ئۇنىڭغا گۈلنىڭ تۆكۈلگەن بەرگىلىرىدەك ياكى ئاللىقانداق دەرەخلەرنىڭ چېچەكلىرىدەك بىلىنسە، بېشىغا تېگىۋاتقان قامچىلار ئۇنىڭغا شەمشادمۇ، چىنارمۇ، ئىشقىلىپ، بىر دەرەخنىڭ قارىسلاپ سۇنغان شاخلىرىدەك تۇيۇلۇۋاتقاندۇ.

مەن ئالدىمدىكى ھالەتكە قاراپ ئىختىيارسىز ۋارقىرىۋەتتىم:

— ئاھ، كۆزنى ئەتكەن لاتا، سەن قامچىدىنمۇ قۇدرەتلىك. قامچا زەربە بىلەن ھەيۋىدىن بۆلەك ھېچنېمىگە قادىر ئەمەس. سەن بولساڭ قاراڭغۇلۇق قوچىقىدا ھەر كىمنى ھەر نېمە قىلىشقا قادىر. چۈنكى سەن ئىرادىسىز جان ئىگىسىگە قارىغۇنىڭ دىلىغۇللۇقى بىلەن قۇلنىڭ رايىشلىقىنى بېغىشلىغۇچى.

## بازاردا

مىغ - مىغ بازاردا بىر كىشىنى ئۇچراتتىم، قولىدا قەپەز، قەپەزنىڭ ئۈستىدە تولۇق يېپىلغان يوپۇق تۇراتتى.

— ھەي، ئىنسان، دېدىم ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ، — نېمىشقا قەپىزىڭنىڭ يوپۇقىنى ئېلىۋەتمىدىڭ؟! قۇشمۇ جان ئىگىسى بولغاندىكىن بازار كۆرگەچ سايراپ ماڭسۇن - دە.

— بازار كۆرگەن قۇش سايرىمايدۇ دېدى ئۇ جىددىي قىياپەتتە، — بىر مېنىلا كۆرگەندە سايرىسۇن دەپ يولدا قەپىزىگە يوپۇق يېپىپ ماڭىمەن. پەقەت مېنىڭ ئۆيۈملا ئۇنىڭ سايراش دىيارى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدىم مەنمۇ جىددىي قىياپەت ئېلىپ، — ئۇ سايرايدىغان دىيار مازار ئىكەن.

## جۇۋازخانىدا

بىر كۈنى مەن جۇۋازخانىغا باردىم. كۆزى ئېتىلگەن بىر ئېشەك جۇۋاز ئەتراپىدا توختىماي ئايلىناتتى. ئۇنىڭ پىرقىراشلىرىغا قاراۋېرىپ مېنىڭ كاللامۇ پىرقىراپ كەتتىمۇ، قانداق؟ جۇۋازچىدىن ئىختىيارسىز سوراپ ساپتىمەن:

— بۇرادەر، ئېشىكىڭنىڭ كۆزىنى باغلاپ قويغىنىڭ نېمىسى؟

— شۇنىمۇ ئۇقمامسەن، — دېدى جۇۋازچى زاڭلىق ئارىلاش كۈلۈپ قويۇپ، — كۆزى ئوچۇق بولسا ئېشەكمۇ بىر ئىزدا ئايلىنىۋېرىشكە ئۇنايتتىمۇ؟

## ئانىسى ۋە قىزى

ئانىسى قارا پەرەنجىسىنى قىزىنىڭ يۈزىگە سېلىپ قويۇپ سورىدى:

— قىزىم، شۇ تاپتا پەرەنجەڭ بىلەن كىمگە ئوخشاپ قالغاندەك تۇرىسەن؟

— شۇ تاپتىما، — دېدى قىزى، — غارنىڭ ئاغزىدىكى قويۇق ئۆمۈچۈك تورىنىڭ ئىچىدىن قاراپ تۇرغان دەرۋىشكە، قاراڭغۇ زىندانىدىكى تۆمۈر تورلۇق دېرىزە ئىچىدە تەلمۈرۈپ تۇرغان مەھبۇسقا، ئاچكۆز بېلىقچىنىڭ تورىغا تۇغۇلۇپلا چۈشۈپ قالغان بېلىقجانغا ئوخشاپ قالغاندەك تۇرىمەن، ئانا.

## مەھبۇسنىڭ ئىلتىماسى

مەھبۇس جاللات پالتىسى ئالدىغا كەلگەندە پادىشاھتىن ئىلتىماس قىلدى:

— ئۆلتۈرۈشتىن بۇرۇن كۆزۈمنى تېڭىپ

قويۇشقا ئەمىر قىلىسىڭىز.

— جاللات پالتىسىغا قاراپ تۇرۇشتىن قورقتىڭمۇ؟ — دېدى پادىشاھ ئۇنى زاڭلىق قىلىپ.

— ياق، پادىشاھىم. مەن تىنىقىم ئۈزۈلۈشتىن بۇرۇن پۈتۈن دۇنيانى قاراڭغۇلۇق قۇچىقىدا كۆرۈشنى خالاۋاتىمەن، بۇ قاراڭغۇلۇق ماڭىمۇ زۇلمەت غارىدا ئابىھاياتنى ئىزدەپ قويۇپ ئۆلەلمەي قىينىلىۋاتقان ئىنساننىڭ تويۇقسىز كەلگەن ئەجەل دەقىقىسىدە سورۇۋاتقان ھوزۇرىنى بېغىشلىسا ئەجەب ئەمەس.

## قارلىغاچ ۋە بۈركۈت

تۇيۇقسىز ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلىدى. باياتىن بېرى ئاسمان قەرىدە پەرۋاز قىلىپ ئوينىۋاتقان قارلىغاچلار بىردىنلا پەسلەپ يەر بويلاپ ئۇچۇشقا باشلىدى. باياتىن بېرى ئۈچماي تۇرغان بۈركۈت بىردىنلا قانات قېقىپ قارا بۇلۇتلارنى ئوقتەك يېرىپ ئۆتكىنىچە ئاسمان قەرىگە كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

— دەرھەقىقەت، — دېدىم مەن، — پاكار ئۆينىڭ ئۈستىگە چاڭگا تىزغان قارلىغاچ قارلىغاچلىقىنى قىلدى. بۈيۈك تاغنىڭ ئۈستىنى ماكان قىلغان بۈركۈت يەنىلا بۈركۈتلىكىنى قىلدى.

## بۈركۈتكە خىتاب

ئۇۋۇچى ساڭا تۇماقە كىيگۈزسە

ئۇنىما، بۈركۈت!

ئۇ سېنى قۇللۇقنىڭ ئىسكەنجىسىگە ئالىدۇ.

ئىگەڭ كۆزۈڭدىن تۇماقەنى ئېلىۋەتسە زەن سال، بۈركۈت!

ئۇ سېنى ئۆزۈڭ ياخشى كۆرىدىغانجان ئىگىسىگە سالىدۇ.

سەن كۈچلۈك، بۈركۈت! ئۆتكۈر تىمىرناقلىرىڭ بۆرىنى ئالالىغان يەردە، كۆزۈڭدىكى تۇماقەنى ئالالماسمۇ!

## بايقۇشنىڭ تەسەللىسى

ئېخ، كېچە!

چۈشلىرىم شۇ قەدەر كۆپ، شۇ قەدەر ئاجايىپ؛ مەن سېنى زېرىكتۇرمەيمەن.

ئاھ، كۈندۈز!

خىياللىرىم شۇ قەدەر نۇرغۇن، شۇ قەدەر مۇڭلۇق؛ مەن سېنى مۇگدىتىپ قويىمەن.

## ئىنسان خىتابى

كۈندۈز قۇياشىم بىلەن يورۇق، كېچە قاياشىم بىلەن يورۇق.

ئەل ئالدىدا دائىم بولسىلا يۈزۈم يورۇق، بۇ ئۆمرۈم بولار پارلاق، ئۆلسەم ھەم گۆرۈم يورۇق.

## قېرىلىق

تۈن چىمىلدىقىدا يېتىپ تاڭ قىزىنى ئويلايتتىم،

ئەمدى تۈن پۈركەنجىسىگە يۆگىنىپ زاۋال مومىينى ئەسلەيدىغان بولدۇم.

## ماختىنىش

بۇلۇت: مەن زېمىننىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە، ئۇنىڭغا سايىۋەن بولغۇچى.

تۇمان: مەن زېمىننىڭ ئىچى سىقىلغاندا، ئۇنىڭغا قۇچاق ئاچقۇچى.

## خىيالپەرەست بىلەن سەۋدايىنىڭ سۆھبىتى

خىيالپەرەست ئادەم بىر سەۋدايىدىن سورىدى:

— ئەگەر دۇنياغا قورۇقلۇق يارىتىلمىغان بولسا، ھەممىمىزلا بېلىق ياكى لەھەڭگە ئايلىنىپ كېتەتتۇق، شۇنداقتا ساڭا قورقۇنچلۇق بولاتتىمۇ؟

(ئاخىرى 44 - بەتتە)


دۈشمەنگە شەپقەت ئۆزەڭگە كۈلپەت
تۇرسۇن رەسۇل يازغان






(پوۋېست)

مۇھەممەتئېلى زۇنۇن

## سەللە ئىچىدىكى سەلىپ

زاۋال ۋاقتى. ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ھەيۋەتلىك مۇنارى ئۈستىدىكى كۈمۈچ رەڭ ئاي - يۇلتۇزلار قان رەڭگىگە كىرگەن چاغ. ھەزرەت تەرەپتىن كېلىۋاتقان مىس كولدۇرمىلىق ئات ھارۋا تۈمەن دەرياسىنىڭ ياغاچ كۆۋرۈكىدىن ۋە ئاۋات بازار — گۈزەردىن ئۆتۈپ، يارباغ تەرەپكە قايرىلدى. چاقىغا قالپاقسىمان تۆمۈر مىخلار قېقىلغان ھارۋا كاتاكلاردا سىلكىنمەكتە، بورانلىق دېڭىزدىكى قولۋاقتەك گاھ ئۇيانغا، گاھ بۇيانغا چايقالماقتا. ھارۋا ئۈستىدە ئىككى كىشى. بىرى، باش - كۆزىگە داكا يېپىلغان، قېلىن يوتقان بىلەن چۈمكىۋېتىلگەن. ھارۋا شۇنچە سىلكىنىسىمۇ، چايقالسىمۇ ئۈن - تىن چىقارمىغىنىغا

❊ بېشى ژۇرنىلىمىزنىڭ 1988 - يىل 3 - سانىدا

قارىغاندا سەكرات ئازابى تارتىۋاتقان
بىزۈۋان كېسەل بولسا كېرەك. ئاق پەردىجە-
چۈمبەللىك يەنە بىرى ئۇنىڭ ئانىسى ياكى
خوتۇنىمىكىن، مۇسىبەت تەشۋىشى ئىچىدە زۇ-
ۋانى تۇتۇلۇپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئۈن -
تىنسىز مۆكچىيىپ ئولتۇرىدۇ.

ئات ھارۋا يارباغ دەرۋازىسىنى ئارقى-
دا قالدۇرۇپ كۈن پېتىش تەرەپكە قاراپ ئىلا-
گىرلىمەكتە. سول تەرەپتە سېپىل. ئوڭ تە-
رەپتە ئېنگلىز، پەرەڭ، ھىندى، ئافغان سو-
دىگەرلىرىنىڭ پىششىق خىشلىق رەت - رەت
دۇكانلىرى. ئاق پەردىجە- چۈمبەللىك«خوتۇن»
بوينىنى تولغاپ، ئۇيان - بۇيانغا قارىدى.
يېقىن ئەتراپتا ئادەم قارىسى كۆرۈنمىگەن-
دىن كېيىن سەل - پەل ئېگىلىشىپ، بىھوش قى-
ياپىتىدە ياتقان «بىمار»غا پىچىرلىدى:

— ئېنگلىز - پەرەڭ كونسۇلخانىسىدىن
ئۆتتۇق.

تىلسىز «بىمار» تىلغا كىردى:

— تېزراق!

— ماقۇل، خوجام. قامچىسىدىن قاس چى-
قاردى ھارۋىكەش.

چۇ!...

بوز يورغا سۇۋادان تېرەكلىك سەمەن
يولىدا بىر دەم يورغىلىغاندىن كېيىن جەنۇب
تەرەپكە قايرىلدى - دە، يۇمۇلاقشەھەر سې-
پىلىگە يانداش سېلىنغان شىۋىت دوختۇرخا-
نىسىغا يۈرۈپ كەتتى.

دوختۇرخانا سەيناسى ئادەمدىن خالىي
ئەمەس ئىدى.ئاق پەردىجىلىك «خوتۇن» بىلەن
ھارۋىكەش باش - كۆزى چۆمكەگلىك «بى-
مار»نى ھارۋىدىن ئاۋايلاپ چۈشۈردى ۋە
قولتۇقىدىن يۆلەپ كارىدورغا ئېلىپ كىرىپ
كەتتى. كېيىن بوسۇغىدىن بۇتىنى ئالدى،
يۈزىنى ئاچتى:

— ھا- ھا- ھا!... — چاقماق يولۇق
شىم - كاستيوم كىيىۋالغان پاكار، دوغىلاق
كىشى بىر ھازاغىچە كۈلۈپ كەتتى، — ۋاھ،
قالتىسقۇ! مۇنداق ھۈنىرىڭمۇ بار دېسىلە، ئى-
شان خوجام؛ ئاق پەردىجە سىلىگە ئەجەب يارى-
شىدىكەن، مەزىنئاخۇنۇم!



— بىزگە تىكىلىدىغان كۆز كۆپىيىپ كەت-
تى. پېيىمىزدە يۈرۈۋاتقانلار ئاز ئەمەس، —
دېدى ئىشان خوجا يۇمشاق ئورۇندۇق ئۈستى-
دە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، - شەكىل-
قىياپىتىمىزنى يېڭىلاپ تۇرماقتىن باشقا ئامال
يوق.

— شۇنداق، — دەپ تەستىقلىدى كاستيوم-
لۇق كىشى ئالا - چىپار گالىستۇكىنى تۈ-
زىشتۇرگەچ، — ئېھتىيات قىلغانىنىڭ زىيىنى
يوق. كەڭ - كۇشادە ئولتۇرۇشسىلا، ئۇسسۇزلۇق

ئىچىشسىلە، — كەڭ تاپان، ئىنچىكە بەل رومكىلارغا ۋىنو تولدۇرۇلدى، — قېنى، ئىچكەچ پاراڭلىشايلى. خوش. ئىشان خوجام، گەپ باشلىسىلا.

— قايسىبىرىنى دەپ بولاي. شىۋىت ئەپەندىم، قايسىبىرىنى دەپ بولاي؟ — ئاچلىق، مۇھتاجلىق ئىسكەنجىسىدە ئەجەل گىرۋىكىگە بېرىپ قالغان قېرى تىلەمچىگە ئوخشاش نالە قىلىشقا باشلىدى خوجا ئىشان، — شۇنچە كەڭ قەشقەرگە پاتمايۋاتىمەن، دەرد ـ ئەلەم ئىچىمگە پاتمايۋاتىدۇ! راستىنلا كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالىدىغان ئوخشايمەن، شىۋىت ئەپەندىم، ساقايماس كېسەلگە!

ئۈستىخىنى قوپال، يوغان باش مەزىن يىغلامسىرىغان ئاۋاز بىلەن يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— راست، شىۋىت ئەپەندىم، ئەرز ـ ھالىمىزنى يوپ جانابلىرىغا يەتكۈزمىسىلە بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. ئۇلۇغ بىرىتانىيە كونسۇلى جانابلىرىغا يەتكۈزمىسىلە بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. ئۇلار خەيرىخاھلىق قىلمىسا، بېشىمىزنى سىلىمىسا، يانتاياق بولمىسا بىز ئۆرە بولالمايدىغاندەك تۇرىمىز!...

بۇلارنىڭ دېگەنلىرى راست ئىدى. ئالاھىدە تەييارلىق بىلەن ماتىتەي ئالدىغا كىرگەن خوجا ئىشان يۇقىرىقىدەك ئاقىۋەتكە مۇپتىلا بولغاندىن كېيىن ئۇزاق كېچىلەرنى ئۇيقۇ ئارامسىز ئۆتكۈزدى. ئاخىرى «ئىگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەيتۇ، يەنە بىر كىرىپ باقاي» دېگەن قارارغا كەلدى. ۋەكالىتەن سېتىپ بېرىش شەرتى بىلەن مىڭ تۇۋاق ئاق ـ قارا مۇم ئېلىپ چىقتى. پۈتۈن سوپى ـ دەرۋىشلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، يۇرتمۇ ـ يۇرت ۋەز ئېيتىپ يۈرۈپ، مىڭ مۇشەققەتتە سېتىپ تۈگەتتى. بۇنىڭ پۇلىنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن كىرىپ،

دەرد ـ ئەھۋالىنى بايان قىلدى، ئىلتىپات سورىدى:

—ھەزرەت ـ مۆھتەرەم بوۋامىنىڭ ھەشەمەتلىك مازارى ئورۇنلاشقان مۇقەددەس تاۋابگاھ...

—بىلمەمەن، ـ دېدى ماتىتەي قاپىقىنى ئېچىماستىن، — ئاشۇ يۇرتقا تەنھا ئىگىدارچىلىق قىلسام، كىچىك خاقان بولسام دېمەكچىمۇسەن؟

—ھەددىم ئەمەس، تىتەي ئالىيلىرى، مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىم بىلەن تىنچىقىنا ئىستىقامەت قىلىپ، بوۋامىنىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇپ ئوتسەملا بولدى.

—مەن ئېيتىپ قوياي، باشقىلار ساڭا چېقىلمىسۇن!

—رەھمەت ئىلتىپاتلىرىغا، ماتىتەي ئالىيلىرى، — خوجا ئىشان ئاز ـ تولا ئۈمىدلەنگەن، روھلانغان ھالدا چىقىپ كەتتى.

خوجا ئىشان ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان قەشقەردە باش كۆتۈرۈپ كەلگەن «سەئىدزادە»لەرنىڭ بېسىم ـ تەھدىتىدىن يەنىلا خالاس بولالمىدى. ئۇلار ماتىتەينىڭ ھېسداشلىقىغا، بايلارنىڭ مەدەتكارلىقىغا، بەش دەرۋازا نوچىلىرىنىڭ قوللىشىغا ئىگە ئىدى. ئۇلار ھەزرەت تەۋەسىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلاتتى ـ دە، خوجا ئىشاننىڭ مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىنى ئۇرۇپ ياتقۇزۇپ قوياتتى. داشقازانلارنى ئېلىپ كېتەتتى ياكى داشقايناق ئۈستىگە قۇم ـ تۇپراق چېچىۋېتەتتى. خوجا ئىشان ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنى تۈمەن دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتكۈزمەيتتى. خوجا ئىشان مەدداھلىق سورۇنلىرىدا مۇم سېتىۋېلىشنىڭ «خاسىيىتى» ھەققىدە ۋەز ئېيتقان ۋە مۇخلىسلىرى ئارقىلىق مۇم سېتىشقا كىرىشكەندىن بۇيان خەلقنىڭ نەزەرىدىن تېخىمۇ چۈشۈپ كەتتى. شەھەردىكى

«سەئىدزادە»لەر پۇرسەتنى غەنىمەت بىلدى - دە، شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتتى. «خوجا ئىشان— ئەسلى زاتى نامەلۇم بىر ھارامزادە،— دەپ چېقىشتۇردى ماتىتەيگە،— مۇم سېتىش باھانىسى بىلەن ھەر تەرەپكە قۇتراپ مۇرىت-مۇخلىس كۆپەيتمەكتە. جانابلىرىغا تاقابىل تۇرماقچىمۇ قانداق؟»

دەل مۇشۇ كۈنلەردە ئۇششاق بالىلار مۇنداق بىر قوشاقنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بولۇپ قالدى.

«قوغلاندى نەسەۋەبتىن،
تۇرپاندىكى «كەھەب» تىن؟
قايسى مەزھەپ، نەسەبتىن،
كولدۇرمىلىق ئىشانەم.

ھەزرەتتىكى گۈمبەزدە،
يامان نىيەت-غەرەزدە،
قۇچقاچ باقار قەپەزدە،
كولدۇرمىلىق ئىشانەم.

مۇمچى تازنىڭ ھەمراھى،
بىرئون روھى- ئەرۋاھى،
ۋەيلۇن دوزاق دەرگاھى،
كولدۇرمىلىق ئىشانەم...»

«كولدۇرمىلىق ئىشان»ئاخىرى ئۆزىگە «چەكسىز خەيرىخاھ، كۈچلۈك يار-يۆلەك»تاپتى. بۇ—شۋېت دوختۇرخانىسى ئىدى. پېشانىسىگە قىزىل كرېست ئېسىۋالغان بۇ جاي ئادەتتىكى بىر«ئەجنەبىي دوختۇرخانىسى»ئەمەس، بەلكى ئېنگلىز - شۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ دىن تارقىتىش مەركىزى، ئەپيۇن سېتىش مەركىزى ئىدى. بۇ يەرگە كەلگەن بىمارلار ھەقسىز داۋالىناتتى. داۋالانغۇچىلارغا خرىستىئان دىنىغا ئائىت كىتاب-كىتابچىلار، «ئىلاھى ئانام - مەريەم»، «خۇدانىڭ ئوغلى-ئېيسا»نىڭ رەڭلىك سۈرەتلىرى، مىس، كۈمۈچ سەلىپلەر، كرېست بەلگىلىرى ھەدىيە قىلىناتتى. بەزى شوخ-كەپسىز بالىلار دوختۇرخانا دەرۋازىسىغا يېقىنلاشقاندىلا كرېست ئېسىۋالاتتى- دە، مىسسىيونېرلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئوڭ قولىنى پېشانىسىگە ۋە ئىككى مۈرىسىگە تەگكۈزۈپ خرىستىئانچە چوقۇناتتى. «ئوقۇيمىز، ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-ئاداشلىرىمىزغا بېرىمىز» دەپ تالىشىپ يۈرۈپ، بىر مۇنچە كىتاب، سەلىپ «ھەدىيە» ئالاتتى. كىتابلارنى دوپپىغا پىلتە قىلىدىغانلارغا، سەلىپلەرنى مىسكەر، سەررا پلارغا سېتىپ خەجلەشەتتى. بەزى ئادەملەر مەخسۇس ئەپيۇن سودىسى ئۈچۈن كەلسە، بەزىلىرى تۈرلۈك سىياسىي مەقسەتلەر ئۈچۈن كېلەتتى. ئۇلار مۇشۇ سائەتتە خوجا ئىشان بىلەن ئەمەت مەزىننى كۈتۈۋاتقان ئالاچىپار گاللىستۇكلۇك دوغىلاق كىشى (ئېنگلىز- شۋېت تەرجىمانى، ئىشەنچىلىك ئادىمى — ھەسەن شۋېت) ئارقىلىق ئېنگلىز كونسۇلخانىسىنىڭ باش مەسئۇلى بىلەن بىۋاسىتە كۆرۈشەلەيتتى، سۆزلىشەلەيتتى. خوجا ئىشاننىڭ بۈگۈنكى مۇددىئاسىمۇ ئېنگلىز باش كونسۇل بىلەن، ھېچبولمىغاندا، بۇ يەردىكى باش دىن تارقاتقۇچى بىلەن كۆرۈشۈش ئىدى.

—بەك كەچ بولۇپ كەتتى. ئۇلۇغ بىرىتانىيە كونسۇلخانىسىغا بېرىپ يۈرمەيلى،— دېدى ھەسەن شۋېت بۇلارنىڭ بىر تالاي دەرد-ئەھۋالىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن،—ئازراق تەخىر قىلىشسىلا، باش مىسسىيونېرجانابلىرىنىڭ قېشىغا چىقىپ باقاي، ۋاقتى يەتسىلا...

—ماقۇل، شۋېت ئەپەندىم، شۇنداق قىلسىلا،—ئىشان بىلەن مەزىن ياقا - يەشلىرىنى

تۈزەشتۈرۈپ، ئىشىككە تەلمۈرۈپ تۇراتتى. ھەسەن شىۋىت قىرىق ياشلاردىن ئاشقان يېشىل كۆز مىسسىئونېرنى باشلاپ كىردى، — ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم يوپ ئالىيلىرى، — يانتاقتا بويۇن سوزغان تۆگىدەك ئىگىلدى بۇلار. ئاندىن كېيىن خىرىستىيانچە چوقۇندى.

— كىرىست؟ — بوينىدىكى ئالتۇن زەنجىرلىك كرېستنى ئىشارە قىلدى چاڭگا ساقال مىسسىئونېر.

خوجا ئىشان ھەسەن شىۋىتنىڭ ياردىمىنى كۈتمەستىنلا جاۋاب بەردى:

— بار- بار. بۇ ئەڭگۈشتەردىن ئايرىلامدىغان؟ ئەتىۋارلاپ بېشىمىزدا كۆتۈرۈپ يۈرۈۋاتىمىز دېسىلە، بېشىمىزدا، — ھەر ئىككىسى ئالدىراشلىق بىلەن سەللىسىنى قولىغا ئالدى. تىنىپ سالسىلا غايىب بولۇپ كېتىدىغان ئاجايىپ ئەتىۋار نەرسىنى ئىزدىگەندەك ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن چۇۋۇشقا باشلىدى، — مانا! دېدى ئۇلار كىچىككىنە تۇچ كرېستنى ئىككى ئالقىنىغا ئېلىپ، — جاناب ئالىيلىرى ھەدىيە قىلغان بىباھا ئەڭگۈشتەردىن ئايرىلامدىغان؟ شىۋىت ئەپەندىم، گېپىمىزنى ئەينەن يەتكۈزگەيلا، بىزنىڭمۇ، جاناب ئالىيلىرىغا ئوخشاش بوينىمىزغا ئېسىۋالغۇمىز بار. ئەپسۇسكى ....

— ئالدىراشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى مىسسىئونېر ھەسەن شىۋىتنىڭ تەرجىمىسى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، — ئولتۇرۇپ سۆزلىشەيلى، قېنى، مەرھەمەت.

قىيىن ئەھۋالدا قالغان خوجا ئىشان تۇنجى قېتىم بۇ يەرگە كىرگەندىلا بۇ كرېستكە ئىگە بولغانىدى.

— دىنىدىن - دىنىغا، مەزھەپتىن - مەزھەپكە ئۆتۈش — ئەجدادلىرىمىز باشتىن كەچۈرگەن نورمال ھادىسە، — دەپ چۈشەندۈرگەنىدى ھەسەن شىۋىت بىرمۇنچە تارىخىي مىساللار بىلەن، — ئېنگىلىز — شىۋىت خوجايىنلىرىمىزنىڭ ھىمايىسى ۋە ئاتىدارچىلىقىغا ئېرىشمەكچى بولسىلا، خىرىستىيانچە چوقۇنۇشلىرى، سەلىپ ئېسىشلىرى شەرت. باش مىسسىئونېر ناھايىتى سەۋرچان جاناب. ئۇ ھازىردىن باشلاپ چوقۇنۇش، سەلىپ ئېسىۋېلىش تەلىپىنى قويمايدۇ. لېكىن بۇ يەرگە كىرگەن باش مىسسىئونېر جاناب بىلەن دىدارلاشقان چاغلىرىدا چوقۇنۇشنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا، سەلىپنىڭ ئۆز يانلىرىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا، تۇمار ئىچىگە ئېلىپ ئېسىۋالسىمۇ مەيلى.

ئەۋلىيالىق مۇقامىغا يەتكەن بىر خوجازادە تۇمار ئېسىۋالسا قاملاشامدۇ؟ دوست-دۈشمەنلەر نېمە دەيدۇ؟ ياق. ئەڭ ئاقىلانە چارە تېپىش كېرەك. ئۇ، سەللە ئىچىدە سەلىپ ساقلاشتىن ئىبارەت «مۆجىزە» نى كەشىپ قىلغانلىقى بىلەن پەخىرلىنەتتى. ئەنە، بۇنى كۆرگەن باش مىسسىئونېر جانابىمۇ قايىللىق ۋە رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى ئەمەسمۇ؟ مىسسىئونېرنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ ئالاھىدە جانلىنىپ قالغان خوجا ئىشان ماتىتەي ئۈستىدىن، شەھەر ئىچىدىكى «يالغان سەئىدزادە» لەر ئۈستىدىن بىر تالاي شىكايەت قىلدى:

— كىشىلەر: «ئايرىلغانغا ئۆلەيمەن، ئەقىدەمگە يىغلايمەن» دەپ ناخشا ئېيتسا، چۈشەنمەيتتىكەنمەن، تېگى-تەكتىگە يەتمەيتتىكەنمەن، بېشىمغا كەلگەندە بىلدىم، چۈشەندىم، — ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ زەئىپ، قىياپىتى ئېچىنارلىق ئىدى، — ماتىتەي دېگەن نېمىگە شۇنچە ئەقىدە قىلدىم، ئىگىلدىم، باش ئۇردۇم، قىلمىغانلىرىم قالمىدى، ئەپسۇسكى، ئۇ، خەلقى ئالەم ئىچىدە نۇسخىسى تېپىلماس بىۋاپا نامەرد ئىكەن، قورقۇنۇچلۇق مەخلۇق ئىكەن!...

— چوڭقۇرراق ئويلاپ بېقىشسىلا، ماتىتەيدىن قورقۇنۇچلۇقراق كۈچ يوقمىدۇ بۇ يۇرتتا؟

— ھە-ەۋ؟ — مىسسىئونېرغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى ئىشان بىلەن مۇردىت. پۈتىنى مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇرۇپ، پاپىروس ئىسىنى پۈۋلەۋاتقان مىسسىئونېر سوئالىنى داۋاملاشتۇردى:

— دىن تارقىتىشىمىز بىلەن كارى بولمىغان، ئەپيۈن سودىمىزغا چەك قويمىغان بىر ئەمەلدارنى قورقۇنچلۇق دېگىلى بولارمۇ؟ ئەقىل توختاتقان ياش ياكى ئەقىل توختاتمىغان گۆدەك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەر قانداق يەرلىك پۇقرا «ھىندى-كالا گۆشى يەمدۇ» دەپ قويىدىغانلا بولسا، ھىندى سودىگەرلىرى تەرىپىدىن ئۇرۇپ چەيلىنىدۇ، نىمجان قىلىنىدۇ.

— ئۇنداق قىلمىسا، ئەجنەبىي خوجايىنلىرىمىزغا ئارام بېرەمدىغان بۇ ياۋايىلار؟

— شۇ تاياق زەربىدىن ناكا بولۇپ قالغانلارنىڭ ئىگە-چاقا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى دەۋا قىلسا، ماتىتەي دەۋاگەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىدۇ، ئەجنەبىگە ناماقۇل بولىدۇ. شۇنداقمۇ؟

— ئۇنچىلىك قىلمامدىغان؟ ھەربىرلىرى ئەزىز مېھمىنىمىز ئەمەسمۇ؟

— بىز ئەجنەبىلەرنى شۇنچە قەدىرلەۋاتقان، شۇنچە كەڭ ھوقۇق، ئىمتىيازدىن بەھرىمەن قىلىۋاتقان ماتىتەينى قورقۇنچلۇق دەيدىغان بولساق، بىزنى يەكلەۋاتقان، چەكلەۋاتقانلارنى نېمە دېيىش كېرەك، جانابلار؟

— ئابدۇقادىر داموللا! — دېدى خوجا ئىشان سەگەكلىشىپ.

— دەل ئۆزى شۇ! — قۇۋۋەتلىدى ئەمەت مەزىن.

— ئۇ قەيەرلىك؟

— ئاتۇشلۇق! — تەڭ جاۋاب بەردى ئىشان بىلەن مەزىن.

— ئاتۇشلۇق بىر داموللا پۈتۈن قەشقەر شەرىئەت مەھكىمىسىنىڭ قازىلىق ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالسا، كۈندىن-كۈنگە ئىناۋەت تېپىپ كېتىۋاتسا، بۇ قورقۇنچلۇق ئەمەسمۇ؟ قەشقەرلىق بىلەن ئاتۇشلۇقنىڭ، ئەنجانلىقنىڭ بىرلىشىپ كېتىشى قورقۇنچلۇق ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنىڭ بىز ئەجنەبىلەرگە قارشى بىرلىك سەپكە ئۇيۇشۇشىدىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك! توغرا، ماتىتەي — ئىنتايىن ئاچكۆز، تەكەببۇر، ئىقتىدارسىز، قابىلىيەتسىز مەخلۇق، كۈنى تۈگەپ، جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان مەخلۇق!...

ئاي-يۇلتۇزسىز كېچە. قاسساپلارنىڭ كانارىلىرى باغلىنىدىغان سۆگەتلەر ئەتراپىدا سۆڭەك تالىشىپ، بىر-بىرىگە خىرىس قىلىشىۋاتقان لالما ئىتلاردىن باشقا جىمى جانلىق ئۇيقۇدا. مىس كولدۇرمىلىق بوز يورغا ھەزرەت تەرەپكە قاراپ يورغىلىماقتا. ھارۋىنىڭ ياۋىنىگە قونۇۋالغان ئۇرۇق ھارۋىكەش قىزىل پۆپۈكلۈك ئۇزۇن قامچا دەستىسىنى سىقىمدىغان ھالدا مۈگدىمەكتە. يەنىلا ئېغىر كېسەل قىياپىتىدە يېتىۋالغان خوجا ئىشان ئۆز دەردىگە داۋا تاپقاندەك، يۈرەك يارىلىرى بىردىنلا ساقىيىپ كەتكەندەك خۇشال. ئۇ، باش مىسسىئونېرنىڭ ماتىتەي ھەققىدىكى سۆزلىرىنى تەكرارلىماقتا، مۇلاھىزە قىلماقتا: مىسسىئونېر جاناب يالغان ئېيتمايدۇ، ماتىتەينىڭ ئەجىلى يېقىنلاپ قالغانلىقى مۇقەررەر، بۇ ئىشتا ئەجنەبىي خوجايىنلىرىمىزنىڭ رولى ۋە قولى يوقمىدۇ؟ بار، بولمايدىغان ئىش بولامدۇ؟ تەختتىن غولايدىغان مەخلۇقنى بىلگەن يەردە تەختكە چىقىدىغان ئەربابنى بىلمەي قالامدۇ ئۇلار؟ بىلمەسلىكى ئېھتىمال. ياق، جەزمەن بىلىدۇ! ھۆكۈم قىلىش مۇمكىنكى بۇ ئەرباب ئەجنەبىي خوجايىنلىرىمىزنىڭ نەزەرىدە يولۇققان زات. پەقىرنىڭ تەقدىرى-ئىستىقبالى ئەمدى ...

باش مىسسىئونېر ئۇزاق تارىخنى ئەسلىتىپ مۇنداق دېگەنىدى: «ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىلا

مۇسۇلمان بولغان سۇتۇق بۇغراخان پۈ-
تۈن قاراخانىلار دۆلىتىنى ئۆز ئىلكىگە ئې-
لىپ بولغانغا قەدەر سىر ساقلىغان،
ئىمان ئېيتقانلىقىنى ئاشكارىلىمىغانىدى. يوشۇ-
رۇن هالدا كرېست ساقلاپ يۈرگەنلىكلىرى تۈپەي-
لىدىن ئالدىمىزدا خىجىل بولمىسىلا، قورۇنمى-
سىلا. هەر ئىشنىڭ ۋاقتى-سائىتى بولىدۇ. سە-
ۋر قىلسىلا، ئىشانەم.» بۇ گەپلەرنى ماتىتەي-
نىڭ هالاكىتى توغرىسىدا بېرىلگەن بىشارەت
بىلەن چۈشىنىپ يېقىپ، ئىچ-ئىچىدىن جانلىنىپ
كەتتى خوجا ئىشان. «سۇلتان سۇتۇق بۇغرا-
خاننى ئاللاھىدە تىلغا ئېلىشىدىكى مۇددىئا
نېمە؟ ماتىتەي زاۋال تاپقان مەزگىلگە قەدەر
سىر ساقلىسام، سەۋر قىلسام، پەقىرغىمۇ...»، —
هاياجان ئىچىدە ئورنىدىن قوزغالدى ئۇ، —
مەزىنئاخۇنۇم، سەللىمىز ئىچىدە ساقلاۋاتقى-
نىمىز راستىنلا ئەڭگۈشتەرمۇ-نېمە!...

## هەرىكەتچان مالاي

ماتىتەي تولۇم چاشقان،
ئالۋاڭنى تولا چاپقان.
ئەلنى قاخشىتىپ ئاخىر،
دارغا ئېسىلىپ ياتقان!

قەست قىلدىڭ ئاۋام خەلققە،
زۇلمىڭدا يۈرەك لەختە.
تويماس ئەجدىها - تىتەي،
تويدۇڭمۇ مۇئەللەقتە!؟....

ماتىتەي دارغا ئېسىلغان، ئەزىزانە قەشقەر
شادلىق-تەنتەنە قاينىمىغا چۆمۈلگەن كۈن.
ئۈزۈن يىللىق ئازاب-كۈلپەت جېنىدىن ئۆتۈپ
كەتكەن، قەهرى-غەزىپى چېكىگە يەتكەن، قان-
لىق قىساس ئوتلىرى پۈتۈن ۋۇجۇدىغا سىڭىپ
كەتكەن جاپاكەش خەلق ئاسمان-پەلەكتەلەي-
لەپ تۇرغان «تولۇم چاشقان»غا لەنەت تاش-
لىرى ياغدۇرماقتا. داڭلىق پالۋان-مەرھۇم سې-
يىت نوچىنىڭ ۋارىسلىرى ئۆز ئۇستازىنىڭ
تەۋەررۈك راۋابىغا زەخمەك ئۇرۇپ، گاڭگۇڭ
ئۇستازىنىڭ ئەشەددى قاتىلىنى غەزەپ بىلەن
ئەيىبلىمەكتە:

ئاچچىقىم بېسىلغايمۇ،
تولۇمچە قىلىپ سويسام.
شۇم ئاغزىڭغا ماتىتەي،
مۇمنى ئېرىتىپ قويسام!



ئاق رومالىق ئەما تىلەمچىنىڭ ئۆزگىچە
مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن ئېيتقان ناخشىسى

كىشىلەرنى جەلپ قىلماقتا. چوڭقۇر ئويغا سالماقتا ئىدى:

ئەلنىڭ كۆڭلى بىر دەپتەر،
دەپتەردە ئەلەم-دەردلەر.
نەۋاختا شىپا تاپقاي،
قانلىق داغ-جاراھەتلەر.

چاچ - ساقاللىرى چارلاشقان مەدداھ جازا مەيدانىنىڭ بىر تەرىپىدە ماتەمتەي ئۈستىدىن شىكايەت قىلماقتا، ئالتە غۇلاچ ئېگىزلىكتە ساڭگىلاپ تۇرغان جەسەتكە قارغىش شۆلگەيلىرىنى چاچراتماقتا ئىدى:

— ئەي خۇدانىڭ مۆمىنلىرى، ئەلەم چەككەن بەندىلەر، بۇ «تولۇم چاشقان» نېمە ئۈچۈن مۇنداق پاجىئەلىك قىسمەتكە مۇپتىلا بولدى، بىلەمسىلەر؟ — مەيدانىنى ھالقىسىمان ئوراپ تۇرغان خالايىققا سوئال قويدى ئۇ.

— ئەلنىڭ ئاھى تۇتتى! — تەڭ جاۋاب بەردى بىر قانچە ئادەم. نەقىشلىق راۋاب تۇتقان قەددى - قامەتلىك بىر يىگىت خەلق تويىنى يېرىپ ئۆتۈپ، يۇقىرىقى جاۋابنى شەرھلىدى:

— بىزدە «ئاھ ئۇرارمەن - ئاھ ئۇرارمەن، ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى؛ كۆز يېشىم دەريا بولۇپ، بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى» دېگەن ناخشا بار. بۇ زالىمنى جاپاكەش خەلقنىڭ ئاھى تۇتتى، ئۇستازىمىز تاشۋاينىڭ قىساسى، سېيىت نوچىنىڭ قىساسى، بارلىق بىگۇناھ قۇربانلارنىڭ قان قىساسى تۇتتى!

— راست! — دېدى پۈتۈن خالايىق.

— توغرا، — دەپ قوشۇلدى مەدداھ، — بۇ «تولۇم چاشقان» ئۇلۇغزاتلارنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتتى، دۇئايىبەتكە كەتتى. روھ - ئەرۋاھلارنىڭ مەدەتكارلىقىدىن مەھرۇم قالدى. يۇرت ئۇلۇغلىرى — خۇدانىڭ ئەزىزلىرىدۇر. خۇدانىڭ ئەزىزلىرىنى چەتكە قاققان ھەر قانداق ھۆكۈمران روھ - ئەرۋاھلارنىڭ مەدەتكارلىقىدىن مەھرۇم بولىدۇ، قارغىشقا ئۇچرايدۇ. مانا مۇشۇنداق پاجىئەلىك قىسمەتكە مۇپتىلا بولىدۇ! — ئالقىنى بىلەن قولىقىنى يېپىۋېلىپ، بار ئاۋازى بىلەن نەزمە ئوقۇشقا باشلىدى:

شۇنچە يىل تىتەي بولۇپ دەۋران سۈرۈپسەن،
مۇمچى تاز،
پاك نەسەب - زاتى ئۇلۇغنى پەس كۆرۈپسەن،
مۇمچى تاز.
روھى - ئەرۋاھلار غەزەپ - قەھرىگە ئۇچراپ ئاخىرى،
ئۆگزىدە يايغان گۆلە - قاقتەك قۇرۇپسەن،
مۇمچى تاز.

تەۋرىمەيدۇ دەر ئىدىڭ كەلكۈندىمۇ ئورنۇڭنى سەن،
جىنىڭ گۆھەر، ئالتۇنغا تولدۇرغانىدىڭ قويىنۇڭنى سەن،
ئەمدى كۆر ئاسمان - پەلەك سىرتماقتا ئۈز بويىنۇڭنى سەن،
دەۋزەخى ۋەيلۇنغا تەخىرسىز يۈرۈپسەن،
مۇمچى تاز!...

تۆت تەرەپكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان «دوست» تارتقۇچىلار ھەر مىسرادىن كېيىن ئۇزۇپ - ئۇزۇپ «دوست - دوست!» دېيىشسە، تۆت مىسرادىن كېيىن «ھەق دوست» دەپ تۇۋلىشاتتى سوزۇق ئاۋاز بىلەن.

قۇيرۇقى ئۈزۈلمەس جەڭنامىلەرنىڭ بىر قىسمىنى سۆزلەپ تۈگەتكەن، ۋەز - نەسىھەت، ئەمىر - مەرۇپلىرىنى ئاياغلاشتۇرغان ۋە تىلەمچىلىك خالتىسىنى يىغىشتۇرغان مەدداھ.

دوتەي يامۇل تەرەپكە راۋان بولدى. بىر قانچە يىللار ئىلگىرى تەكەببۇر ماتىتەي ئالدىداقۇرتتەك ئۆمىلىگەن، ماتىتەينىڭ جىنسىي زەئىپلىك كېسەللىگە دورا ئىزدەش ئۈچۈن ئۆز مۇرىت - مۇخلىسلىرى بىلەن بىرلىكتە ئېكىنزار دالا - ئېتىزلارنى چەيلەپ، ئەسكى تاملىقلاردا يىقىلىپ - مۇدرەپ قوچقاچ قوغلاپ يۈرگەن بۇ «سەئىدزادە» ئەمدى يېڭى خوجايىنى ماشياۋۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلماقچى، ئۇنىڭ بۈگۈنكى «ئۇلۇغ غەلىبىسى»نى مۇبارەكلىمەكچى ئىدى. ئۇنىڭغا ئەگەشكەن 200 دىن ئوشۇقراق سوپى - دەرۋىش چاڭ - توزان كەلكۈنى ئىچىدە چۆگىلەيتتى، پىرقىرايتتى، ئاغزىدىن كۆپۈك چاچرىتىپ جەرە سالاتتى:

نەپسى بالا مۇمچى تاز، ھۇم،
بىزگە باقماي قىش ۋە ياز، ھۇم،
كۈنىمىزنى تەس قىلغان، ھۇم،
بەرمەي ھوقۇق - ئىمتىياز، ھۇم...

نەچچە يىللار ئىلگىرى توقۇپ چىققان نەزمىلىرى ئىچىدىكى «تىتەي» دېگەن سۆزنى «دوتەي»گە ئۆزگەرتكەن بۇ ئادەملەر دوتەي يامۇل سەينىسىغا كىرگەندىن كېيىنمۇ يەنە شۇنداق چۆگىلەپ، تىنىمسىز جەرە سېلىشقا باشلىدى:

ھەزرىتى دوتەي جاناب، ھۇم،
ھۆكمىڭىز ئايەتكە باب، ھۇم.
سىزنى، ئەي شەپقەتچىمىز، ھۇم،
قىلغىلى كەلدۇق تاۋاپ، ھۇم.

ھۆكۈمران تەختىگە چىققان جاھىل بۇقا، ياۋا قوتازمۇ دەسلەپكى ئاي-پەسىللەردە مۈڭگۈزىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنارمىش. مافۇشىڭنىڭ ئورنىغا دەسسىگىنىگە بىر نەچچە ھەپتە بولغان ماشياۋۇمۇ «مۈڭگۈزى»نى يوشۇرماقتا، ئۆزىنى قەشقەر خەلقىنىڭ غەمگۇزارى، باشپاناھى قىلىپ كۆرسەتمەكتە ئىدى. مۇم سېتىۋېلىش مەجبۇرىيىتى، قوچقاچ ئالۋىڭى قاتارلىق يۈكنى خەلقنىڭ شىلىسىدىن ئېلىپ تاشلىغان بۇ «ئادالەتپەرۋەر زات» ھەر جۈمە كۈنى نەچچە يۈز ئۇيغۇر، تۇڭگان ئەسكەرلەرنىڭ قوراللىق مۇھاپىزىتى ئاستىدا ھېيتگاھ جامەسىگە كېلىپ، نامازغا داخىل بولاتتى. نامازدىن كېيىن جامە دەرۋازىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قىستىلىشىپ تۇرغان ھاجەتمەنلەرنىڭ قەنت، ناۋات، نان قاتارلىق نەرسىلىرىنى «سوپ» دەپلا شىپالىق «دېمىدە»گە ئايلاندۇرۇپ بېرەتتى. ئەسكەرلەرنىڭ قىشلىق - يازلىق ئەسكى چاپان، يىرتىق ئىشتانلىرىنى كوچىلاردىكى يېتىم-يېسىرلارغا تارقىتىپ بېرەتتى. نەچچە يىللاردىن بۇيان ساڭ ئاستىدا بېسىلىپ تۇرۇۋېرىپ كۆكىرىپ كەتكەن بۇغداي - قوناقلارنى شەرىئەت مەھكىمىسىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى. بۇ نەرسىلەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئىچى-تېشىغا ئېسىلغان داشقازانلاردا پىتىقلاپ قايناپ تۇرىدىغان بولدى.

— دىنداشلىرىم، قان - قېرىنداشلىرىم، نەچچە يىللاردىن بۇيان كۆپ جاپا چەكتىڭلار، — دېگەنىدى دوتەيلىك تەختىگە ئولتۇرغانلىقىنى مۇبارەكلەش ئۈچۈن كىرگەن يۇرت كاتتىلىرىغا، — خۇدانىڭ مەرھەمىتى ۋە ھەر بىرىڭلارنىڭ مەدەتكارلىقى ئارقىسىدا پۈتۈن قەشقەرنى ئەدلى - ئادالەت ئاپتىپى بىلەن نۇرلىنىپ تۇرغان ھەقىقىي ئەزىزانە يۇرتقا ئايلاندۇرغايمەن، — خوجا ئىشانىنى ئايرىم قوبۇل قىلغاندا يەنە مۇنداق دېگەنىدى، — قولۇمدا كۆتۈرۈلگەن تۆمۈر ئىسيانىنى باستۇرۇشتا تېگىشلىك تۆھپە قوشقانلىقىڭىزنى، ھۆكۈمەتكە قارشى ئۇيۇشقان كۈچلەرنى بۆلۈپ - پارچىلاپ تاشلاش جەھەتتىمۇ مول

تەجرىبىگە ئىگە ئەمەسسىز. پەقىرغىمۇ يېقىندىن يار - يۆلەكتە بولغايسىز.

ئارتۇقچە ھاياجانلىنىشتىن ئەس - ھوشىنى يوقاتقان خوجا ئىشان:

— پەقىرغا شۇنچىلىك ئىشەنگەنلىكلىرىگە يۈز مىڭ رەھمەت، ماتتەي ئالىيلىرى، — دەپ سالغان ۋە ئەجەل تەشۋىشى ئىچىدە ئۆز ئاغزىغا ئۇرۇپ كەتكەنىدى.

— كېرەك يوق، كۆڭۈلۈپ كەتكەن ئېغىز ئەمەسمۇ؟ — دېگەنىدى ماشياۋۋۇ ئەپۇچان، كەڭ كۆڭۈل ئەرباب ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىپ، — مۇنچە قورقۇپ كەتمەڭ، سىز بىزگە ئەسقاتىدىغان ئادەم...

بۇ «ئەسقاتىدىغان ئادەم» مادوتەينىڭ ئىشىكىگە تەقەززالىق بىلەن تەلمۈرمەكتە، ئۇنىڭ شەنىگە تىرقۇغان يېڭى قەسىدىسىنى يادلىماقتا ئىدى:

ماتتەيگە ئابى ئەجەل يۇتقۇزدىڭىز سىز،
بىزنى كۆلپەت دوزىقىدىن قۇتقۇزدىڭىز سىز.
دوتەي جاناب، دەۋران سۈرۈڭ مىڭيىللار ئامان،
بىزگە تەلەي ئەڭگۈشتىرى تۇتقۇزدىڭىز سىز.

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

شۇ كېچە. سېپىلغا يانداش سېلىنغان شىۋىت دوختۇرخانىسىنىڭ مەخپىي بۆلۈمىدە ئۈچ كىشى كەڭ كۇشادە سۆزلەشمەكتە، ماتتەي دارغا ئېسىلغاندىن كېيىنكى قەشقەر ۋەزىيىتى ھەققىدە تەھلىل يۈرگۈزمەكتە. ئۇلار - ئۆتكەندە بىز كۆرۈپ ئۆتكەن تۆت كىشىنىڭ ئۈچى — باش مىسسىئونېر، ھەسەن شىۋىت، خوجا ئىشان.

— دىن تاراتقۇچى ئۇستاز - ئەۋلىياھلىق مۇقامىغا يەتكەن ئۇلۇغزات ئىكەن، ئاي-يىللاردىن كېيىن يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى ئالدىنئالا بىلەلەيدىكەن، — دەيتتى خوجا ئىشان كۆز ئالدىدا ئولتۇرغان باش مىسسىئونېرغا كۇچۇكلىنىپ، — ماتتەينىڭ ھالاكىتى ھەققىدە بەرگەن بىشارىتى مانا بۈگۈن راست بولۇپ چىقتى. بۇ جانابىنىڭ قەشقەردىكى «ئاساسىي خەۋپ» تۇغرىسىدىكى ھۆكۈمى بىلەن مادوتەي ئالىيلىرىنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقتى، — ماشياۋۋۇ ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەنىدى، — ياڭ جاڭجۈڭ ئالىيلىرى ھەمىشە «ئۇخلىغاننى باشقۇرماق ئاسان» دەيدىغان. بۇ سۆزنىڭ تېگى - تەكتىگە ۋە قەدرىگە يېتىشىمىز كېرەك. خەۋەر تېپىشىمىزچە، بەزى ئىسيانكارلار قانداقتۇ «ئويغىنىش ھەرىكىتى» بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانمىش. قەشقەرلىق بىلەن ئاتۇشلۇق، خوتەنلىك ھەتتا ئەنجانلىقلار ئوتتۇرىسىدا تىل بىرلىكى ۋە دىل بىرلىكى مەۋجۇد ئىمىش. قومۇلدىكى بەش شەھەر، ئۇدۇن ئىككى تاغدا مۆكۈپ ياتقان گادايلار ئويغاندى، ئويۇشتى، ئاخىرىدا نېمە بولدى؟ قەشقەر «ئويغىنىش - ئويۇشۇش»تىن ئىبارەت بالا - قازانىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك! — يېڭى خوجايىنىنىڭ ئالىي ئەمىر - پەرمانىنى سۈدەك يادلىۋالغان خوجا ئىشان شۇنچە كۆتۈرەڭگۈ باشلىغان سۆزىنى ھەسرەتلىك ئۇلۇغ - كىچىك تىنىش بىلەن ئاخىرلاشتۇردى، — ياڭ جاڭجۈڭ ئالىيلىرى ئەينى زاماندا قەشقەر بىلەن ئاتۇش ئوتتۇرىسىدىكى تۆتتۆرگە داۋىنىغا سېپىل سوقۇش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىكەن. ئەپسۇسكى...

باش مىسسىئونېر چۈشەندۈردى، تەسەللى بەردى، رىغبەتلەندۈردى:

— تۆتتۆرگىگە سېپىل سوقۇش ياڭ جاڭجۈڭنىڭلا ئەمەس، ئۇلۇغ برىتانىيە باش كونسۇلى جانابلىرىنىڭ ۋە بىزنىڭمۇ تەسەۋۋۇرىمىز ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ 20- ئەسىر، لاي - توپراق بىلەن تۇرغۇزۇلغان سېپىلنىڭ

ۋاقتى ئۆتكەن دەۋر. بىزگە ئەڭ ئەسقاتىدىغىنى — مەنىۋى سېپىل!

ئۇلار ئۇزاقتىن - ئۇزاق پىكىرلەشتى، ۋەزىيەتنى ھەر تەرەپلىمە تەھلىل قىلىشتى. مافۇشىڭ دارغا ئېسىلغان، ماشياۋۇ ھەربىي - مەمۇرىي خادىملارنى تەلتۆكۈس تىزگىنلەپ كېتەلمەيۋاتقان مۇشۇ پەيتدىن تارقىتىش قەددىمىزنى تېزلىتىشنىڭ ئەپلىك پەيتى، ئەپيۇن سودىسىغا كەڭ يول ئېچىۋېلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ قاراشتى؛ ئەجنەبىلەرنىڭ پائالىيەت ئەركىنلىكى ھېچقانداق دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىمايدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك دەپ قاراشتى. ئۇلارنىڭ پىكرى يەنىلا «ئاساسىي خەۋپ» دەپ مۇقىملاشتۇرۇلغان «ئويغىنىش ھەرىكىتى» ئۈستىگە، بۇ ھەرىكەتنىڭ ئابرويلۇق يېتەكچىسى ئابدۇقادىر داموللا بىننىي ئابدۇۋارىس ئۈستىگە مەركەزلەشتى.

. . . . . . . . .

ھەر قايسى گازارمىلاردا تۇرۇۋاتقان ھەربىيلەرنىڭ ئاتلىرى تۇمەن دەرياسىدا سۇغۇرۇلاتتى. يايداق ئاتقا مىنگەن ئۈچ - تۆت چېرىك بىر - ئىككى يۈز يايداق ئاتنى تۆشۈك دەرۋازا ياكى يارباغ كۆۋرۈكى تەرەپكە قوغلايتتى. ئانچە كەڭ بولمىغان يول - رەستىلەرنى ئاچچىق چاڭ - توزان قاينىمىغا غەرق قىلىۋەتكەن يۈگەنسىز بۇ ئاتلار ئالدىغا ئۇچرىغانلا نەرسىنى ئامان قويمايتتى. ئۇششاق تىجارەتچىلەرنىڭ تەنزىلىرى، ناۋايلارنىڭ تەۋەكلىرى، سۈت - قايماقچىلارنىڭ تاۋاق - كومزەكلىرى، ئەپكەشلەرنىڭ سوغىلىرى، باققاللارنىڭ قوغۇن - تاۋۇزلىرى، قىزىل - سېرىق بويالغان پىششىق توخۇملار.... ئات تۇياقلىرى ئاستىدا ئېزىلەتتى، يەنچىلەتتى، لاي - پاتقاق قوينىغا پېتىپ كېتەتتى. ئاتلارنىڭ ئارىسىدا قالغان ئاقپەردىلىك ئاياللار، ھاسا تاياقلىق بوۋايلار، ئۇششاق باللار جاراھەتلىنەتتى ھەتتا ئۆمۈرلۈك ھېيىپناق بولۇپ قالاتتى. خەلقنىڭ بۇ ھەقتىكى ئەرز - شىكايىتىگە ماتىتەي قۇلاق سالمىغان، مادوتەيمۇ تېخىچە تەدبىر قوللانمىغانىدى.

شاللىسىگە ئېغىر يەشىكلەر يۆكلەنگەن يەتتە ھامال ئېنگلىز كونسۇلخانىسى ئورۇنلاشقان چىنىباغ تەرەپتىن يارباغ دەرۋازىسى تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ھەر قەدەمدە نەچچە ھاسىرايتتى. بىگىزدەك ئۈچلۈك پولات ھاسا تۇتقۇزۇۋالغان ئىككى ئەجنەبىي يول قاسنىقىدىكى سۇۋادان تېرەكلەر سايىسى ئاستىدا مەغرۇر قەدەم تاشلىشاتتى. ھاماللار يارباغ دەرۋازىسى تەرەپكە قايرىلدى. تۇمەن دەرياسى تەرەپتىن يانغان بىر - ئىككى يۈز ئات تاغ كەلكۈنىدەك باستۇرۇپ كەلدى - دە، يول چېتىدىكى كىشىلەرنىڭ يۈز - كۆز، كىيىم - كېچەكلىرىگە، دۇكانلارنىڭ قاتلىما قاناتلىق ئىشىكلىرىگە لاي چاچرىتىپ ئۆتۈپ كەتتى. قويۇق چاڭ - توزان سۇسلاشتى. سۇنغان ساندۇق، توپا - تۇپراق، لاي - پاتقاق ئىچىگە مىلىنىپ ياتقان ماللىرىنى كۆرگەن ئىككى ئەجنەبىي ئورنىدىن تۇرغان - تۇرمىغان ھاماللارغا ئېيىقتەك ئېتىلدى. ئۇلار جان - جەھلى بىلەن تېپەتتى، ئۇراتتى. ئۈچلۈك پولات ھاسا بىچارە ھاماللارنىڭ باش، يەلكىلىرىدە قانلىق ئېقىن پەيدا قىلماقتا ئىدى. قۇلىقىدىن قان ئېقىۋاتقان قېرى ھامال بىر تېپىك بىلەن دۈم يىقىلدى. ئوتتۇرا ياشلىق، ئورۇققىنا بىر ھامال ئۇنىڭ بېشىنى يۆلىدى، «تۆمۈر ئاكا - تۆمۈر ئاكا!» دەپ ۋارقىرىدى. غەزەپ بىلەن ئۆرۈلگەن پولات ھاسا ئۇنىڭ بېشىغا تەگدى. يىگىتنىڭ قاقشىرىنى بويلاپ ئاققان ئىسسىق قان قېرى ھامالنىڭ

قېپنى ئۈستىگە تاشلىمىدى. تەكەببۇر ئەجنەبىي پولات ھاسىنى يەنە كۆتۈردى. مۇتەھەممىلىككە، زورلاۋانلىققا سۈكۈت قىلىش — مەنىۋى قۇللۇقنىڭ ئىپادىسى، تېز پۈكۈش-كىشىلىك غورۇرنى يوقاتقانلىق ئەمەسمۇ؟ ھامال يىگىت مۇتەھەم ئەجنەبىي شىلتىغان ھاسىنى سول قولى بىلەن تۇتۇۋالدى ۋە ئالدىغا تارتتى.

- ھۇ، ئادەمگە رەھىم قىلىشنى بىلمىگەن ھايۋان!

كۆرەڭ ئەجنەبىي يىلتىزى كېسىلگەن قاقشال توغراقتەك «گۈپپىدە» يىقىلدى. يىگىتنىڭ ئالقىنىدىكى قانلار بىر نېمىلەرنى دەپ ئېڭىراپ ياتقان زورلاۋاننىڭ سول قۇلىقى ئەتراپىغا كۆچكەنىدى.

— بارىكاللا، يىگىت، ياشاپ كەت!

- ئاتاڭغا رەھمەت، ۋىجدانلىق يىگىت!

— ھالى شۇنچىلىك ئىكەنغۇ بۇ ئەجنەبىي مايمۇنلارنىڭ! ...

ئەتراپنى چەمبەرسىمان ئورىۋالغان ھۆپپىگەرلەر، يولۇچىلار شۇنداق دەيتتى، خۇشاللىناتتى، غەزەپلىنەتتى. زەخىملەنگەن ھامال قېرىنداشلىرىنى يۆلەيتتى. مادۇتەيىنىڭ قوراللىق چېرىكلىرى ھەيۋەت بىلەن باستۇرۇپ كەلگەندە، قېرى ھامال نەپەستىن توختىغان، بىر ئەجنەبىي نەگىدۇ يوقالغان، ئىڭراۋاتقان ئەجنەبىي لايغا پاتقان كاسىسىنى ئۇۋۇلاۋاتقانىدى.

— جېدەل چىقارغان قايسىڭ؟ ئەجنەبىي خوجايىنلارغا مۇشت كۆتۈرگەن قايسىڭ؟!

نىمجان ئەجنەبىي دەرھال جانلاندى. ئۇچلۇق ھاسىسىنى ھامال يىگىتكە ئۇدۇل قاراتتى. چېرىكلەر قاتىل ئەجنەبىينى قولتۇقىدىن يۆلەپ، گىلەم سېلىنغان ئات ھارۋىغا چىقىرىشتى. ھامال يىگىتنىڭ قوللىرىنى چەمبەرچەس باغلاشتى - دە، دوتەي يامۇلىغا ئېلىپ كېتىشتى. چىكىدىن ئاشقان بۇ ئادالەتسىزلىكنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىلەر ئىختىيارسىز ھالدا مۇشت تۈگۈشتى. بۇ — ئۆز غورۇرى — ئىپتىخارىنى، ئىززەت ئېتىبارىنى جان تىكىپ قوغداش ئۈچۈن تۈگۈلگەن قىساسكار مۇشت ئىدى!

......

شۇ ئاخشام، ناماز شام ۋاقتى. قىساسكار مۇشت، غەزەپلىك چوقان-سۈرەنلەر قورشاۋى ئاستىدا قالغان ئېنگىلىز كونسۇلخانىسىنىڭ ئارقا ئىشىكى قىيا ئېچىلدى. بىر قاناتلىق تارغىنا ئىشىكتىن قىستىلىپ چىققان بىر ئادەم ئىككى ئالقىنىنى يەرگە تىرەپ، تۆۋەنگە، يىراقلارغا نەزەر سالدى. ئىككى-ئۈچ غۇلاچ چوڭقۇرلۇقتىكى بۇزېمىن ئەسلىدە مۇنبەت شاللىق بولۇپ، تۆمەن دەرياسىغا كەلگەن كەلكۈن نەتىجىسىدە لاي-لاتقا ئاستىدا قالغانىدى. ھازىر ئۇ يەر-بۇ يەردە غۇجمەك-غۇجمەك كۆرۈنۈپ تۇرغان قارا سۆگەت، سېرىق سۆگەتتىن باشقا نەرسە يوق ئىدى. ھېلىقى ئادەم ئوڭ-سولغا، سۆگەتلەر ئەتراپىغا بىر ھازاغىچە كۆز تىككەن ۋە قۇلاق سالغاندىن كېيىن ئىشىك تەرەپكە قاراپ قول شىلتىدى. بىر گەۋدە ئىككى بولدى. بىر دەمدىن كېيىن تۆۋەنگە قاراپ سېرىلدى. ئاق پوستەك ئۆرلەپ تۇرغان شور تۇپراققا پېتىپ قالغان پۇتلىرىنى تەستە يۆتكەپ، زەي سۇ يىغىلىپ قالغان ئازگاللارغا يىقىلىپ-قوپۇپ، مىڭبىر مۇشەققەت ئىچىدە ئەگرى - بۈگرى يالغۇز ئاياغ يولغا چىقىۋالدى. يارباغ كۆۋرۈكىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى جەينەكسىمان بوشلۇق «سامان بازىرى» دەپ ئاتىلاتتى. خېرىدارسىز قالغان بىر ھارۋىكەش ئۆيىگە قايتىشقا تەمشىلىپ تۇراتتى. ھېلىقى ئىككى ئادەم ھاسىراپ-ھۆمىدەپ يېتىپ كەلدى-دە، «ھارۋىكەش، ھەزرەتكە!» دېدى. كاپكازچە ئۆتۈك، ئادەتتىكىچە نىمرەڭ چەكمەن تون كەيگەن، لاي-پاتقاققا مىلەنگەن بۇ ئادەملەرگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالغان ھارۋىكەش ئالقىنىغا چۈشكەن تەڭگىنى كۆرگەندىن كېيىن ماقۇللۇق بىلدۈردى.

—تېزرەك! — ئۇنىڭ يانچۇقىغا يەنە بىر سەر تەڭگە تاشلىدى ئۇلار.

—چۇ، نان قېپى! —ساغرىسىغا قامچا يېگەن ئات تۇمەن دەرياسىنىڭ تۆشۈك دەرۋازا تەرەپتىكى كۆۋرۈكىدىن تاراقلاپ ئۆتكىنىچە، دۆڭگە قاراپ چاپتى.

...........

شۇ ئاخشام. توققۇزاق دەرۋازىسى تەرەپتىن ئالدىراش كېلىۋاتقان ئىخچام سەللىلىك كىشى ئامبارچىنىڭ دوقمۇشىدىن ئىتتىك قايرىلدى. بىر- بىردىگە ياندىشىپ سېلىنغان «قازان مەدرىسە» بىلەن «خانلىق مەدرىسە» ئالدىغا كەلگەندە، سەل- پەل دېمىنى ئېلىۋالدى -دە، كونا ئوردا كوچىسىغا راۋان بولدى. كۆتۈرمە ئۆيلەر بىر-بىردىگە ياندىشىپ كەتكەن بۇ كوچا دېرىزە- تۆڭلۈكسىز ھۇجرىدەك قاراڭغۇ ئىدى. بۇ كىشى كوچىنىڭ ئوي-چوڭقۇرىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىسە كېرەك، ھېچقانداق تەمتىرىمەيتتى، مۇدرەپ يىقىلمايتتى، قەدىمىنى ئاستىلاتمايتتى. ئۇ، قوش قاناتلىق تونۇش دەرۋازا ئالدىغا كېلىش بىلەن تەڭ تۆمۈر ھالقىغا قول ئۇزاتتى. «جاڭ- جاڭ-جاڭ!...»

—كىم؟ —ھويلا تەرەپتىن ئوغۇل بالىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، چىراغ يورۇقى يېقىنلاشتى.

—مەن. دامۇللام جانابلىرى ئۆيدىمۇ؟

ئوغۇل بالا جاۋاب بېرىپ بولغۇچە، ھويلا تەرەپتىن بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

—موللا ساۋۇت، كىمكەن؟

—قۇتلۇق ھاجىم جانابلىرى! —ئوغۇلنىڭ كۆتۈرەڭگۈ ئاۋازىدىن چوڭقۇر ھۆرمەتۋە ئىنتىزارلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئىشىك ئېچىلدى، —كىرسىلە، ئۇستاز.

ساقال- بۇرۇتلىرى چىرايلىق ياسىتىلغان بۇ ھۆرمەت ئىگىسى ئۆز سوئالىنى تەكرارلىدى:

—دامۇللام جانابلىرى ئۆيدىمىكىن؟

—«لاي پەشتاق» قا كەتكەنىدى، كېلەرۋاقتى بولۇپ قالدى. ئۆيگە كىرىپ تۇرسىلا، قۇتلۇق ھاجىم، —دالاندا تۇرۇۋاتقان ئايال جاۋاب بەردى.

—رەھمەت، نائىلە خېنىم، ئالدىغا باراي، —قۇتلۇق ھاجىم ئارقىغا ياندى. بەشئېرىق كوچىسىغا راۋان بولدى. پەشتاق ۋە مۇنارلىرى خام خىشتىن ياسالغانلىقى ئۈچۈن «لاي پەشتاق» دەپ ئاتالغان مەدرىسە شۇ كوچىدا ئىدى.

شۇنچە ئالدىراش كىرگەن قۇتلۇق ھاجىم مەدرىسە سەيناسىدا «شىپپىدە» توختىدى، چۈنكى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر ئالىمى، مەزكۇر ۋەتەنپەرۋەر شائىرنىڭ قەدىرلىك ئۇستازى ئابدۇقادىر دامولla بىننىي ئابدۇۋارىس جانابلىرىنىڭ مۇبارەك ئاۋازى جاراڭلاۋاتاتتى:

—«سۈرە ھەج» — ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم» ئىچىدىكى 22- سۈرە. 78 ئايەتتىن بىرىكمىسىدىن تۈزۈلگەن بۇ سۈرەنىڭ 39-ئايەتىنى ئوقۇڭلار! —بىرەر يۈز كىشى يېقىملىق تەلەپپۇز بىلەن ئەرەبچە ئوقۇشتىن توختىغاندىن كېيىن مەنىسىنى يېشىپ چۈشەندۈردى ئابدۇقادىر دامۇللام، —«ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن، قارشىلىق كۆرسىتىشكە رۇخسەت قىلىنىدى. ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر» مانا بۇ —خۇدانىڭ سۆزى، خۇدانىڭ ۋەدىسى. ئاللاھتائالا زۇلۇمغا ئۇچرىغان، ئېزىلگەن- خورلانغان خەلقنىڭ تەڭ قوزغىلىپ، بىردەك ئۇيۇشۇپ، زالىملارغا قارشى ئاتلىنىشىغا ئەنە شۇنداق ئىجازەت بەرگەن؛ مەلۇم كىشى ياكى مەلۇم مىللەتنىڭ پېشانىسىگە ئەبەدىي قۇللۇق- مەھكۇملۇقنى پۈتۈپ قويدۇم دېگەن ئەمەس؛ ھاقارەتكە سەۋر، ئاسارەتكە شۈكرى قىلىڭلا دېگەن ئەمەس!

پۈتۈن ئەقىل- زېھنى ۋەجان دىلى بىلەن بېرىلىپ ئاڭلاۋاتقانلار «خانلىق مەدرىسە»

«قازان مەدرىسە»، «ساقىيە مەدرىسە»، «ساچ مەدرىسە» قاتارلىق مەشھۇر بىلىم يۇرتلىرىدا تەلىم ئېلىۋاتقان تالىبلار ئىچىدىكى يۈرەكلىك تەرەققىپەرۋەرلەر ئىدى. ئۇلار ئابدۇقادىر دامۇللامغا ساداقەتمەنلىك بىلەن ئەگىشەتتى. ئۇلارنىڭ تەسىرى يېزا- سەھرالارغىچە كېڭەيمەكتە، چوڭقۇرلاشماقتا ئىدى.

ئابدۇقادىر دامۇللام بۈگۈن يارباغ دەرۋازىسى سىرتىدا يۈز بەرگەن پاجىئەدىن خەۋەردار ئىدى. بۇ پاجىئە مۇناسىۋىتى بىلەن قوزغالغان ئاممىۋى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىدىنمۇ بىخەۋەر ئەمەس ئىدى. شۇ تاپتا ساداقەتمەن تالىبلارنىڭ بۇ ھەقتە سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىۋاتاتتى. بۇ ئەھۋالنى ئېنىق چۈشەنگەن قۇتلۇق ھاجىم قىرلىق تۈۋرۈكلەر دالدىسى بىلەن شەپىسىز مېڭىپ، تالىبلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئوچۇق ۋە ئىسسىق چېھرى بىر جۈپ قىزىل شام يورۇقىدا تېخىمۇ قىزىرىپ ۋە نۇرلىنىپ كەتكەن ئابدۇقادىر دامۇللام ئىلمىي نۇتقىنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى:

— «زالىملارغا ھېچقانداق مەدەتكار يوق» — بۇ — خۇدانىڭ سۆزى. ئەپسۇسكى، خۇدانىڭ كالامىنى قولىدىن، «ئەلھەمدۇلىللاھ مۇسۇلمانمەن» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بەزى «ئۇلۇغزادە»لىرىمىز مەزلۇملارغا رەقىب، زالىملارغا رەپىق بولماقتا، مەدەتكار بولماقتا!...

ئابدۇقادىر دامۇللامنىڭ سۆزى دەل مۇشۇ يەردە ئۈزۈلدى. سۆزنى ئۈزگەن لاتاخەي كىيىمگەن، مائۇزېرلىق چېرىك ئىدى. ئۇ، ئۈنتىنسىزلا يېقىنلاپ كېلىپ:

— قازى ئاخۇنۇم، ئۆزلىرىنى مادوتەيجانابلىرى چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى ۋە قوشۇمچە قىلدى، — ئات ئىشىك ئالدىدا.

— بولىدۇ، سىز چىقىپ تۇرۇڭ!

قۇتلۇق ھاجىم ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى ۋە سالام بەردى.

— ھاجىم، ئۆزلىرى؟... — ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى دامۇللام.

— جانابلىرىنى يوقلاپ كەلگەنىدىم، — قۇتلۇق ھاجىم ئاۋازىنى پەسەيتىپرەك سورىدى، — يەنە نېمە دەپ كەلگەندۇ بۇلار؟

— باش ئاغرىقىغا مۇپتىلا بولغان ئامبالىلىرىمىزنىڭ ھاجىتى چۈشكەن بولسا كېرەك.

ماتىتەي ئەسكەرلىرى ۋە ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەددىدىن ئاشقان يولسىزلىقى ۋە زوراۋانلىقى كۆپىنچە ھاللاردا ئۆلۈم ھادىسىسى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. قازاغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دەۋاگەرلىرى كۆپ ۋە كۈچلۈك بولسا، تەھدىت ياكى قورال كۈچى بىلەن باستۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتى خەتەرلىك بولىدىغان بولسا، بۇ دەۋانى سۇلھى - سالا بىلەن بىر تەرەپ قىلىش مەجبۇرىيىتى ئابرويلۇق دىنىي زاتلارغا ياكى شەرىئەت مەھكىمىسىگە يۈكلىنەتتى. ماشياۋۋۇنىڭمۇ بۈگۈنكى «ماجىرا»نى ئەنە شۇ كونا ئۇسۇل بويىچە بىر تەرەپ قىلماقچى بولغانلىقى ئېنىق ئىدى. نېمە قىلىش كېرەك؟ پۈچەك پۇلغا ئىمانىنى ساتقان بەزى موللىلارغا ئوخشاش «ھەر كىشىنىڭ تەقدىرى قىسمىتى لەۋھۇلمەھپۇزغا پۈتۈلگەندۇر. مەرھۇم قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ۋاپاتىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەستۇر؛ قازاغا رىزا بولماق- مۆمىنلىكنىڭ ئەقەللىي ئۆلچىمىدۇر» دەپ ۋەز ئېيتسۇنمۇ؟ جىنايى جاۋابكارلىقىنى خۇدانىڭ ئۈستىگە يۈكلەپ قويۇشتەك قەبىھ ۋاسىتە ئارقىلىق قارام قاتىلنى قوغداپ قالسۇنمۇ؟ زوراۋانلارنىڭ خالىغانچە قان تۆكۈشى، قاتىللىق قىلىشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەرسۇنمۇ؟!... سۆيۈملۈك ئالىمنىڭ كۆڭلىدىكى سان ناھايىتى ئېنىق ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ، قۇتلۇق ھاجىمنىڭ بۇ ھەقتە

سورىغان سوئالىغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

—ئاللاھ —زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ خەيرىخاھىدۇر، قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ مەدەتكارىدۇر. ئاللاھ قوللىغاننى قوللاش، ئاللاھ ياردەم بەرگەنگە ياردەم بېرىش—ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرز ۋە قەرزدۇر.

—ئەلۋەتتە.

—بەزىلەر، زۇلۇمغا ئۇچرىغان خەلقنىڭ قەھرى- غەزەپ كەلكۈنىنى سەۋرى تاقەتنىڭ قۇملۇق چۆلىگە سىڭدۈرۈۋېتىش كويىدا بولۇۋاتقۇدەك. بۇ كەلكۈن ھەددىدىن ئاشقان ئەجنەبىلەرنىڭ كېبىرى مۇنارىنى غەرق قىلىۋېتىشى، ئەپيۇن- مەنىۋى ئەپيۇنلىرىنى لاي- لاتقا ئاستىغا كۆمۈۋېتىشى لازىم ئىدى.

......

تۈمەن دەرياسىنىڭ تۆشۈكدەرۋازا كۆۋرۈكىدىن تاراقلاپ ئۆتكەن ئات ھارۋىدىكى ئىككى كىشى ھەددىدىن زىيادە خۇش بولۇپ كەتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىزدەپ تاپماقچى بولغان كىشىسى 300 دىن ئوشۇق-راق مۇرىت- مۇخلىسىنى ئەگەشتۈرگەن ھالدا ئالدىراش كېلىۋاتاتتى.

—بۇمۇتەھەملەر تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن تىنجىتىلمىسا، ئىش چوقىيىپ كېتىدۇ،—دېدى ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ مەخپى خىزمەت خادىملىرى،—سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ ئادەملىرى ئۈچ پۇتلۇق ئاپپارات جاھازلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىشىدۇ، تارتقان سۈرەتلىرىنى دۇنياغا تارقىتىدۇ. ئۇلۇغ بىرىتانىيە پادىشاھلىقى ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقئارا ئىناۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

—باشكونسۇل ئالىيلىرى خاتىرجەم بولسۇن،—خوجا ئىشان ناھايىتى ئىشەنچلىك جاۋاب بەردى،—بىزمۇ ئالاھىدە تەييارلىق بىلەن يولغا چىققۇق، —بۇلار يارباغ دەرۋازىسىغا يېتى-

قىنلىشىش بىلەن تەڭ جەرە باشلىدى:

يېگانە ئاللاھ ئالەم ياراتتى،
خاكى زېمىندىن ئادەم ياراتتى.
ھەر كىمگە لايىق ئۆمۈر-ھاياتلىق،
رىزقى- نېسىۋە چاچتى- تاراتتى...

كونسۇلخانا ئەتراپىنى قورشىۋالغانلار مىڭغا يېقىن ئادەم ئىدى. ئۆلگۈچىنىڭ ئوغۇل پەرزەنتلىرى، ئەر ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بۇ قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەر قوشۇنىنىڭ زەربىدار گۇرۇپپىسى ئىدى. ئۇلار «قانغا قان ئالايلى!»، «قاتىلنى قانات ئاستىغا ئالغانلارغا ياخشىلىق يوق!» دەپ توۋلىشاتتى، كۆپچىلىك قوشۇلاتتى. كونسۇلخانا ئىچىگە تاش- كېسەك ياغدۇراتتى. سوپى- ئىشانلارنىڭ قەددىمى يېتىش بىلەن تەڭ ھەرىكەت توختىدى. قەھرى-غەزەپلىك چۇقان-سۈرەنلەر بېسىقتى. ھەتتا ئويۇن-تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن بىر توپ كەپسىز باللار سوپىلارنى دوراپ جەرە سېلىشقا، قەھرى-غەزەپنى ئويۇن- كۈلكىگە ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى.

— ئاھ قېرىنداشلىرىم، دۇئا-گۇيى ئاتىمىدىن، خەيرىخاھىمدىن، مېھرىبانىمدىن بىمەھەل ئايرىلىپ قالغان پەرزەنتلىرىم، مۇسىبەتداشلىرىم!— غۇلىچىنى كەڭ ئاچقىنىچە ھازىدارلار ئالدىغا كەلدى خوجا ئىشان،— مەرھۇم ئىمانى كامىل مۇسۇلمانىدى. بەش ۋاخ ناماز، ئوتتۇز كۈن روزىنى قازا قىلماي يىدىغان تەقۋادار كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىغا چەكسىز ئېچىنغانلىقىم تۈپەيلىدىن كېچىنى كېچە دېمەي، يولنى يىراق كۆرمەي، ھەزرىتى ئاپپاق خوجام ئارامگاھىدىن بۇ يەرگە كەلدىم.

مۇسىبەتدارلارچە تەلەپپۇز بىلەن ئېيتىلغان بۇ گەپلەر توپ ئىچىدىكى بەزى ساددە ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنى ئېرىتىۋەتتى.

—رەھمەت، ئىشان خوجام، جاپاكەش بىر ھاممالىنىڭ ۋاپاتىغا شۇنچە ئېچىنغانلىقلىرىغا رەھمەت، —دېيىشتى ئۇلار تەسىرلەنگەن ھالدا، —غېرىبىنىڭ بېشىنى سىلىغانلارنىڭ بېشىنى خۇدايىم ئۆزى سىلايدۇ. دۆلەت-مەرتىۋىلىرى تېخىمۇ زىيادە بولۇپ كەتكەي، خوجام.

خوجا ئىشان ئەمىر-مەرۇپقا كىرىشتى:

— ئات-خۇدانىڭ شىرى، تۆت چاھار يارنىڭ بىرى— ھەزرىتى ئەلى شاھى مەردان پىرىم مىنگەن ئەزىز جانىۋار. مەزكۇرنىڭ ئۇلۇغ جۈمە كۈنىدە ئەزىز جانىۋار تۇۋياقى ئاستىدا جان بەرگەنلىكى ئۇنىڭ شەھىدلىك مەرتىۋىسىگە يەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر. جەننەت ئەھلى قاتارىدىن ئورۇن ئالغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.... ھەر كىمنىڭ ھايات-ماماتلىق قىسمىتى ئەزەل پېشانىسىگە پۈتۈلگەن بولىدۇ. تەقدىرگە تەن بەرمەسلىك، قازاغا رىزا بولماسلىق-كۇپۇرلۇقنىڭ كاساپىتىدۇر... ئەزىز قېرىنداشلىرىم، ئەجنەبىلەر ئالدىدا ئۆزىمىزنى خار قىلمايلى، «ئۆلۈكنى ساتىدىكەن» دېگەن ئاھانەتكە قالمايلى. مەرھۇمنىڭ ئاخىرەتلىكى ۋە نەزىر-چىراغلىرى ئۈچۈن كېتەرلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بەقىر ئېلىپ كىرگەن. ئەنە، ئاۋۇ ھارۋىدا تەييار تۇرۇپتۇ. ۋۇجۇدى سوۋۇپ بولغۇچە يەرلىكىدە يېتىپ بولغان مېيىت بىر ھەسسە ئارتۇق ساۋابقا مۇيەسسەر بولغاي. دەرھال تۇتۇش قىلىپ، ناماز بامداتقا ئۈلگۈرتەيلى!

ئۇنۇپ چىققاندەكلا پەيدا بولغان ئەمەت مەزىن مېيىت ئىگىلىرىگە پەندى-نەسىھەت قىلىشقا كىرىشتى:

— ئىشان خوجام— خۇدانىڭ نەزەرىگە يولۇققان ئۇلۇغزات. بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ لەۋزىنى يەردە قويۇش گۇناھ. يۇرۇشسىلە، تېزرەك تۇتۇش قىلىپ، دەرھال يەرلىكىدە قويايلى.

بىر قانچە مويسىپىت بۇ پىكىرنى قوللىدى. قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەر قوشۇنىنىڭ زەربىدارلىرى ئىدىيە جەھەتتىن تەۋرىنىشكە باشلىدى. مۇرىت-مۇخلىسلار يەنە جەرە سېلىپ، مەجنۇنلارچە ئايلىنىشقا، كىشىلەرنىمۇ مەجنۇنغا ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى:

بەرھەق تۇغۇلماق، ئۆلمەكمۇ بەرھەق،
نى-نى ئۇلۇغلار تۇپراقتا ياتتى.
كىم ناردىزاكى تەقدىر قازاغا،
شەك-شۈبھىسىز ئۇ دوزاقتا ياتتى....

خوجا ئىشاننىڭ قولىدىن بەرگىنى-ئىككى تاغار ئۇن-گۈرۈچ، 30 جىڭ سۇ يېغى، بىر كالا؛ قولغا كەلتۈرگىنى— جىردىگلاپ تۇرغان ئالتۇن ئىدى. ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمراقى، ئەجنەبىي خوجايىنلىرى ئالدىدىكى يۈز-ئابرويى ئىدى. ئىككى كۈندىن كېيىن ئالاھىدە يوقلاپ چىققان ھەسەن شىۋىت باش مىسسىئونېرنىڭ رەھمەت-تەشەككۈرىنى يەتكۈزۈپ مۇنداق دېدى:

— ئۇلۇغ بىرىتانىيە پادىشاھلىقىنىڭ باش كونسۇلى جانابلىرى بىلەن باش مىسسىئونېر جانابلىرى سىلىدىن تولىمۇ مىننەتدار. ئۇلار ئۆزلىرىنى قالتىس ئەقىل-ئىدراكلىق، چارە-تەدبىرلىك زات ئىكەن دەپ ماختاشتى. جانابلىرىنىڭ دەرىجە ۋە مەرتىۋىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ھەققىدە مادوتەيگە تەكلىپ بەرمەكچى. جېدەل-ماجىرانى تىنجىتىش، قېرى ھاممالىنىڭ جەسىتىنى يەرلىكىدە قويۇش جەريانىدا چەككەن جاپا، تارتقان چىقىملىرى ھېسابىغا، مانا بۇ ئالتۇننى ئىنئام قىلدى!

ئالقىنىغا چۈشكەن تۆت قىرلىق قۇيما ئالتۇننىڭ ئون سەردىن كەم ئەمەسلىكىنى پەملىگەن خوجا ئىشان قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالدى:

— رەھمەت، خەيرى-ساخاۋەتلىك خوجايىنلىرىمىزنىڭ ئالىي ھىممىتىگە يۈز مىڭ رەھمەت. ھۆرمەتلىك ھەسەن ئەپەندىم، خوجايىنلىرىمىزغا يەتكۈزۈپ قويسىلا: ئەقىل-ئىدراك يۇلتۇزىنى، نۇسرەت ۋە شۆھرەت ئەڭگۈشتەرىنى،— سەللىسى ئىچىدىكى كىرىستىنى ئېھتىيات بىلەن سىلاپ قويىدى،— ئۆز قولى بىلەن تەقدىم قىلغان ئىلتىپات ئىگىسىنىڭ سادىق قۇلىمەن. ھەر قانداق ۋەزىپە-تاپشۇرۇقلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا تەييارمەن!

دۇتەي ماشياۋۋۇ ئەجنەبىي خوجايىنلارنىڭ «تەكلىپى» بىلەن ئاپپاق خوجا مازارىنىڭ جىمى ۋەخپىلىرىگە ئىگىدارچىلىق قىلىشتەك ئالىي ھوقۇقنى خوجا ئىشانغا ئىنئام قىلىۋەتتى. پۈتۈن ناھىيە-شەھەرلەردىكى نەچچە مىڭ مو ۋەخپە يەر، يۈزلىگەن دۇكان-سارايلارنىڭ كىرىمى ھېچقانداق دەخلى-تەرۇزگە ئۇچرىماستىنلا ئۇنىڭ چۆنتىكىگە كىرىدىغان بولدى. بۇ ھەددى-ھېسابسىز بايلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ يەر-زېمىن، باغ-ھويلا، دۇكان-سارايلارنى ئىجارىگە ئالغۇچى ھەر قانداق كىشى خوجا ئىشانغا «قول بېرىشى» (مۇرىت-مۇخلىس بولۇشى) شەرت ئىدى. بۇ ھال ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى ھەسسىلەپ كۆپەيتىۋەتتى!

.......

تۈن قانچە قاراڭغۇ بولسا، ئوغرى-قاراقچىلار شۇنچە قۇترايدۇ. ئوغرى-قاراقچىلار قۇترىسا، خەلقمۇ شۇنچە سەگەكلىشىدۇ، بىرلىشىدۇ، ئۇيۇشىدۇ. قەشقەردىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولماقتا ئىدى.

قىساسكار خەلقنىڭ ئۆتكەن قېتىمقى غەزەپ كەلكۈنى «تەقدىر» تۇغانى بىلەن توسۇلۇپ، «شۈكرى-قانائەت» باياۋىنىغا باشلىۋېتىلگەندىن كېيىن ئەجنەبىيلەرنىڭ خورىكى ئۆسۈپ كەتتى. دىن تارقىتىش قەددىمىنى تېزلەتتى. دوختۇرخانىسى ئىچىدىلا ئەمەس، ھەر قايسى تىجارەت ئورۇنلىرىدىمۇ ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا كىتاب-كىتابچە، تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى تارقىتىدىغان ھالەتكە يەتتى. شۇ كۈنلەردە بىر ئەجنەبىي سودىگەرنىڭ ئەپيۇن يەشىشكىلىرى ئارتىلغان قىرىق خېچىرى قىزىل دەرياسىنىڭ ياغاچ كۆۋرۈكىدىن بىمالال ئۆتۈپ، سېپىلىنىڭ سىرتىنى بويلاپ مېڭىپ، شىۋىت دوختۇرخانىسى ئىچىگە كىرىپ كەتتى!...

ئابدۇقادىر داموللام بىئارام بولماقتا، قۇتلۇق ھاجىم شەۋقىي بىئارام بولماقتا، ۋەتەنپەرۋەر سودىگەرلەر، ئىمانى كامىل دىنىي زاتلار ۋە پۈتۈن قەشقەر خەلقى بىئارام بولماقتا ئىدى.

—مادۇتەيگە گەپ قىلىسىلا، قازى ئاخۇنۇم،— سالامدىن كېيىنلا شۇنداق دېيىشتى ۋىجدانلىق بايلار، ئابرۇيلۇق ئۆلىمالار، يۇرت مۆتىۋەرلىرى،— مادۇتەيمۇ بىر مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، دىنىمىزنىڭ پاكلىقىنى قوغدىسۇن، ئۆز دىنداشلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىسۇن، ئەجنەبىيلەرنىڭ دىن تارقىتىشىنى چەكلىسۇن، ئەپيۇن سودىسىنى چەكلىسۇن!

ئابدۇقادىر داموللام بۇ گەپلەرنى دېمىگەن ئەمەس، بەلكى قايتا-قايتىلاپ دېگەن ۋە مۇنداق جاۋاب ئالغانىدى:

— مەن كىشىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىدىغان ئادەممەن، ھۆرىيەتپەرۋەر زاتمەن. كىشىلەر ئېيساغا چوقۇنامدۇ-مۇساغىمۇ، ئەپيۇن چېكەمدۇ-نەشىمۇ، ئۆز ئىختىيارى، ئۆز ئەركىنلىكى!

ئاخشام-ناماز خۇپتەندىن كېيىن تارقىلىشقا باشلىغان خەۋەر بامدات ۋاقتىغىچە پۈتۈن شەھەرنىڭ بۇلۇڭ-بۇرجەكلىرىگىچە يېتىپ بارغانىدى؛

— يەنە ئەپيۇن كەپتۇ!

— قىرىق خېچىردا ئەپيۇن كەپتۇ!—«خانلىق مەدرىسە»دە شۇ گەپ، «قازان مەدرىسە»، «ساقىيە مەدرىسە»، «ساچ مەدرىسە»، «لاي پەشتاق مەدرىسە»دىمۇ شۇ گەپ؛ تىللاسارىيى، يېچاق سارىيى، ياغاق سارىيىدا شۇ گەپ، ئەنجان رەستە، قاراڭغۇ رەستە، ئوردا ئالدىدىمۇ شۇ گەپ ئىدى:

— بىردىۋاتقىنى ئوغا-زەھەر، ئېلىۋاتقىنى ئالتۇن-گۆھەر!— دەيتتى كىشىلەر قەھرى-غەزىپىنى باسالماي،— نېمانچە بوزەك قىلىشىدۇ بىزنى ئۇ ئورا كۆز مايمۇنلار!

ئۇشبۇ سائەتتە «لاي پەشتاق مەدرىسە»نىڭ ئىچكىرى ھۇجرىسىدا يەتتە كىشى جىددىي ۋە ئەستايىدىل سۆزلەشمەكتە، قەشقەرنىڭ تەقدىرى-ئىستىقبالى ھەققىدە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن تەھلىل يۈرگۈزمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى - ئابدۇقادىر داموللا بىننى ئابدۇۋارىس جانابلىرى، يەنە بىرى قۇتلۇق ھاجىم شەۋقىي ئىدى.

— ئەجنەبىلەرنىڭ ئېلىپ كېلىۋاتقىنى ئىلان بىلەن چايان، ئېلىپ كېتىۋاتقىنى قان بىلەن جان! بۇ - خەلقنىڭ سۆزى، خەلقنىڭ باھاسى. زۇلۇم-كۈلپەت جېنىدىن ئۆتكەن، سەۋرى-تاقىتى چېكىگە يەتكەن خەلققە نىجاتلىق يولى كۆرسىتىپ بېرىش— باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىمىز! — ئابدۇقادىر داموللامنىڭ سۆزى قۇتلۇق ھاجىم قاتارلىق ئالتە كىشىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئىگە ئىدى. ئۇلار پۈتۈن قەشقەر خەلقىنى ئويغىتىش، زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، قۇدرەتلىك خەلق نامايىشى ئۇيۇشتۇرۇش ھەققىدە كېڭىشىۋاتقانىدى.

—مادۇتەيىنى ئەپيۇن كۆيدۈرۈشكە مەجبۇرلاش، چەت ئەل مىسسىئونېرلىرى ۋە ئەپيۇن سودىگەرلىرىنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىشقا مەجبۇرلاش كېرەك! شۇنداق قىلغاندىلا، ھەددىدىن ئاشقان ئەجنەبىلەرنىڭ ھەيۋىسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلغىلى، ۋەتەننىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى ۋە مىللەتنىڭ غورۇر-ئىپتىخارىنى قوغدىغىلى بولىدۇ،— بۇ—يەتتە كىشىلىك كېڭەشمىنىڭ قارارى ئىدى.

ھېيتگاھ— دولقۇنلۇق دېڭىز، ھەر قايسى كوچىلار-شاۋقۇنلۇق ئېقىن ئىدى. سېپىلنىڭ ئىچى-سىرتىدىكى بارلىق دۇكان-سارايلار تاقالغان، سودا-تىجارەت توختىغانىدى. تەرەپ-تەرەپتىن كەلگەن ھۈنەرۋەن-كاسىپلار، يايمىچى-تىجارەتچىلەر ھەتتا تىللا سارىيى تەۋەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن سەرراپلار، ئەنجان رەستىدە نامى چىققان ھەتتالار، ئابرويلۇق دىنىي زاتلار، يۇرت مۆتىۋەرلىرىمۇ شۇ قاينامدا ئىدى. كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق تالىبلار غەزەپلىك مۇشتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرايتتى، نەچچە مىڭ ئادەم بىردەك قوشۇلاتتى:

— ئەجنەبىلەرنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرايلى!

— ئەپيۇن سودىسىغا قارشى تۇرايلى!

— دىن تارقىتىشقا قارشى تۇرايلى!

— قارشى تۇرايلى!

بارغانسېرى ئۇلغىيىۋاتقان قۇدرەتلىك ئېقىن دوتەي يامۇل تەرەپكە قاراپ ئاقتى ۋە يامۇل دەرۋازىسى ئالدىدا شىددەتلىك شاۋقۇن كۆتۈردى:

— چەت ئەل مىسسىئونېرلىرىنى قوغلاپ چىقىرايلى!

— چەت ئەل ئەپيۇن سودىگەرلىرىنى قوغلاپ چىقىرايلى!

— يەرلىك ئەپيۇن بەندىكلىرىنى قاتتىق جازالايلى!

— ئەپيۇن كۆيدۈرەيلى!...

خەلقنىڭ قەھرى قىيانىدىن قورقۇپ كەتكەن ماشياۋۇ يامۇل مۇھاپىزىتىنى ھەسسىلەپ كۈچەيتىۋەتكەن ۋە مۆكۈۋالغانىدى.

—مادوتەي ئالىيلىرى بۇ يەردە ئەمەس، يېڭىشەھەردە، —دەپ جاۋاب بەردى يامۇل خادىملىرى، —ھەر بىرىڭلارنىڭ تەلىپىڭگە بىز جاۋاب بېرەلمەيمىز. مادوتەي ئالىيلىرىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، قايسى دىن، قايسى مەزھەپتە بولۇش، نېمىنى چېكىش-ئىچىش ۋە نېمىنى چەكمەسلىك ۋە ئىچمەسلىك، ھەركىمنىڭ ئۆز ئىختىيارى، ئۆز ئەركىنلىكى!

—ئەپيۇن كۆيدۈرەيلى! —بۇ سادا گۈلدۈرمامىدەك ياڭرىدى.

—ئەجنەبىلەرنىڭ بارلىق زەھەرلىرىنى ئۆرتەپ تاشلايلى!

—ئۆرتەپ تاشلايلى! —شاۋقۇنلۇق ئېقىن ئاق ئوردا مەھەللىسىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، قومدەرۋازا سىرتىغا راۋان بولدى.

......

شۇ مەزگىل. قارا تەرگە چۆمگەن ئىككى دەرۋىش خوجا ئىشاننىڭ پىنھان ھوجرىسىدا كېكەچلىمەكتە، يېلىنماقتا:

—تىلىم - تىلىم قۇرۇپ كەتتى، بىر يۇتۇم...

—جېنىڭ قۇرۇپ كەتسۇن، ئىللاھىم! جاۋاب بەر: سەپ ئىچىدە ئابدۇقادىر داموللا بارمۇ—يوق؟

—يوق - يوق، كۆرمىدۇق.

—قۇتلۇق شەۋقىچۇ؟

—يوق.

—يوق - ھە!؟

—ئۆزەمبىللا!

—مېڭىش، ئەمدى يۇتۇن «شەربەتكۆل»نى دەم تارتساڭمۇ مەيلىڭ!

كۆلگە ئۆزىنى ئاتقۇدەك ھالەتكە يەتكەن بۇ ئادەملەر خوجا ئىشاننىڭ «كۆز-قۇلاق»لىرى ئىدى. ئۇلار بۈگۈن جۈمە نامىزىدىن كېيىنلا باشلانغان سەلتەنەتلىك خەلق نامايىشىنىڭ بىرىنچى ئەھۋالىدىن دوكلات بېرىپ تۈگەتكەنىدى. ئۇلار نامايىشچىلار قوشۇنى دوتەي يامۇل تەرەپكە راۋان بولغاندىلا، بۇ ياققا قاراپ چېپىشقان، باشقا «كۆز - قۇلاق»لار تېخىچە يېتىپ كەلمىگەنىدى. «دوتەي يامۇلغا قاراپ ماڭغىنىغا قارىغاندا، —جىددىيلىك ئىچىدە خىيال سۈرەتتى خوجا ئىشان، — مادوتەي ئالىيلىرىنى بىئارام قىلىدۇ، يولسىز تەلەپلىرىنى ئورۇنداشقا مەجبۇرلايدۇ. كۆنمىسە، يامۇل ئەتراپىنى قورشاپ يېتىشىدۇ. دوتەي ئالىيلىرىغا، بەلكى، تىل - ئاھانەتمۇ ياغدۇرۇشار. ئاجايىپ پەيتتە ئەسقاتمىدىغان بولدۇم-دە!...»

ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى جىددىيلىك تۇيغۇسىنى ئىنئام تاماسى ئىگىلىدى. ئۇ، يالغۇز سېدە سايىسىغا كۆمۈلگەن تار ھويلىغا چىقتى. دېھقان، ھۈنەرۋەن، لۆكچەك - قىمارۋاز قىياپىتىدە ياسانغان يىگىرمە نەچچە دەرۋىش بۇيرۇق كۈتۈپ ئولتۇراتتى. بۇلارنىڭ ۋەزىپىسى نامايىشچىلار قوشۇنىنى ئۇرۇش - چېقىش، بۇلاش - تالاش يولىغا سۆرەپ كىرىش، «توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاش» ئىدى.

—تەييارلىق پۈتتىمۇ؟

—پۈتتى! —قوينىدىن تاش - توقماق، يەڭ ئىچىدىن چوماق، قونجىدىن پىچاق ئېلىشتى ئۇلار.

—ئاتلىنىڭلار!

خوجا ئىشان ئۆز ئىچىدە چوت سوقاتتى: «چاتاق چىقماي قالمايدۇ، قان تۆكۈلمەي قالمايدۇ. ئابدۇقادىر داموللا، سەن ئۆزۈڭنى ھەر قانچە يوشۇرساڭمۇ، جاۋابكارلىقتىن

قۇتۇلالمايسەن! مەھكىمە شەرئىيىنىڭ كۆمۈچ مۆھۈرىنى ساقلاپ قالالمايسەن! ئەمدى ئۇ...» ئۇ ئالقىنىنى سىلاپ قويدى. كۆمۈچ مۆھۈرنى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇچۇپ كېلىۋاتقان ھەددى - ھېسابسىز بايلىقنى كۆرۈۋاتقاندەك ھوزۇرلاندى. سەيناغا چىقتى. تەييار ھالەتتە تۇرغان 300 دەك مۇرىدىنى كۆزدىن كۆچۈردى. بايىقى «كۆز - قۇلاق»لار سەپ ئالدىدا ئولتۇرۇشاتتى.

—ھەممەيلەن ئاڭلىسۇن، يەنە بىر دېگىنە! —بىردىنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ سوردى خوجا ئىشان، —جېدەلخور ئىسسىيانچىلار كىملەر؟

—شەھەرلىكلەر، سەھرالىقلار.

بەش دەرۋازىلىق سېپىلنىڭ سىرتى، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، سەھرا ھېسابلىناتتى. ئۆمۈرلۈك جاپا - مۇشەققەت ئۈچۈن يارالغان بۇ سەھرالىقلارنىڭ نامايىشچىلار سېپىگە قاتنىشىشى خوجا ئىشاننى ئەجەبلەندۈرەتتى، تېرىكتۈرەتتى.

—يەنىچۇ؟ —تەنە- تەئەددىي بىلەن سوئال قويدى ئۇ.

—ئاتۇشلۇقلار!

—يەنىچۇ؟

—خوتەنلىكلەر، ئەنجانلىقلار!

—ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ —ھەممىگە بىر قاراپ چىققاندىن كېيىن ئەمىر - مەرۇپقا كىرىشتى، —خۇدا ئىنسانلارنى بىر - بىرلەپ ياراتقان. ئېتىزلىققا دان چاچقاندەك، ئونسەككىز مىڭ ئالەمنىڭ ھەممە يېرىگە تاراتقان. نېمە ئۈچۈن ئۇلار جەم بولۇۋالىدۇ؟ بىرلىشىۋالىدۇ؟ پەقىر كۆرگەن ۋە بېسىقتۇرۇشقا بىۋاسىتە ئىشتىراك قىلغان قۇمۇلدىكى چوڭ توپىلاڭ —مانا مۇشۇنداق بىرلىشىۋېلىشنىڭ مەھسۇلى ئىدى. بۈگۈن ئاتۇشلۇقلار، ياركەنت - خوتەنلىكلەر ھەتتا ئەنجانلىقلار بىرلىشىۋېلىپ، بىزنىڭ ئەزىزانە قەشقىرىمىزنى ئاپەت ۋە ھالاكەت غارىغا ئىتتەرمەكچى! قەشقەر - قەشقەرلىقنىڭ قەشقەرى! ئاتۇشلۇقلار ئاتۇشقا، خوتەنلىكلەر خوتەنگە، ئەنجانلىقلار ئەنجانغا كېتىشى شەرت!

......

ھەر قانداق كىشىنىڭ ئەپيۇن ۋە مەنىۋى ئەپيۇندىن باشقا نەرسىگە قول تەگكۈزۈشىگە قەتئىي يول قويمىغان قۇدرەتلىك ۋە تەرتىپ - ئىنتىزاملىق نامايىشچىلار قوشۇنى ئەپيۇن يەشىكلىرى بىلەن تولغان ھارۋىلارنى ئالدىغا سالغان ھالدا قۇم دەرۋازا تەرەپتىن كىرىۋاتاتتى. ئۇلار شۋېت دوختۇرخانىسىنىڭ ئامبىرىدىن تاپقان مەنىۋى تاجاۋۇزچىلىق قوللانمىلىرىنىڭ ھەممىسىنى شۇ جايدا كۆيدۈرۈۋەتكەن، بۇ ئەپيۇنلارنى بولسا، ھېيتگاھ جامەسى ئالدىدا ئۆرتەپ تاشلىماقچى ئىدى. ياڭراق شۇئار سادالىرى ئۆستەڭ بويى مەھەللىسى تەۋەسىدىكى بارلىق كوچىلارنى لەرزىگە كەلتۈرمەكتە ئىدى:

— چەتئەلدىن تاراتقۇچىلىرى چىقىپ كەتسۇن!

—ئەپيۇن سودىگەرلىرى چىقىپ كەتسۇن!...

يول ياقىسىدىكى ئۆگزىلەرگە چىقىشىۋالغان ئوغۇل - قىزلار، چوكان - جۇۋانلار، بوۋاي - مومايلار بىردەك تەنتەنە قىلماقتا، ھۆرمەت چاچقۇسى چاچماقتا ئىدى:

—ئاتاڭغا رەھمەت، ئوغلانلار!

—مۇرادىڭغا يەت، ئارسلانلار!...

نامايىشچىلار قوشۇنى ئۆستەڭ بويىنىڭ دوقمۇشىغا يېقىنلاشقاندا، قارشى تەرەپتىن بىرتالاي ئادەم باستۇرۇپ كەلدى. كوچىغا پاتماي قالغان بۇ بەدبەيلى مەخلۇقلار سەركىسىز پادىغا ئوخشايتتى. ياۋا كالىدەك

مۆرەيتتى، سەھرا ئېشكىدەك ھاڭرايتتى:

—ئاتۇشلۇقلار ئاتۇشقا كەتسۇن! خوتەنلىكلەر خوتەنگە كەتسۇن!...

ناماينشچىلار يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگىدەك توۋلايتتى:

—ئويغىنايلى، بىرلىشەيلى، زىچ ئىتتىپاقلىشايلى!

يولنى تورۇۋالغان بەدپەيلى مەخلۇقلارنىڭ «قەشقەر—قەشقەرلىقنىڭ قەشقەرى!» دەپ ۋارقىرىغىنى ۋارقىرىغانىدى. جېدەل-ماجىرا چىقمىش، قان تۆكۈلۈش خەۋپى يېقىنلاشماقتا ئىدى. شاپ بۇرۇتلۇق، قەددى قامەتلىك بىر يىگىت ناۋاينىڭ پەشخۇنى ئاستىغا قويىدىغان ئۇزۇن پۇتلۇق ئورۇندۇق ئۈستىگە چىقتى-دە، ناماينشچىلار تەرەپكە مۇراجىئەت قىلدى:

—مەرھۇم ئۇستازىمىز سېيىت نوچى: «نائىناقلىق، نادانلىق—يۇقۇملۇق كېسەل؛ ئەقلى بارلار بولمىغاي ئۇنىڭغا سېزىك» دەپ قوشاق قېتىپ ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. بىزنى يەنە مۇنداق ئاگاھلاندۇرغانىدى: نائىناقلىق، نادانلىق—داغ-ھەسرەتتە قالغانلىق؛ بارسا كەلمەس بىر يولغا ئات-ھارۋىنى سالغانلىق!... ئۇستازىمىزنىڭ ئەشۇ تەلىمىنى ئۇنتۇپ قالمىغان ئەزىمەتلەر، كۆكرەك كېرىپ ئالغا چىقىڭلار، بۇ ياۋايىلار بىلەن بەل تۇتۇشۇپ باقايلى!

بىر-بىرىدىن قاۋۇل ئوتتۇز نەچچە يىگىت سەپراس بولۇپ تىزىلدى. بېلىنى مەھكەم باغلىغان، مۇشتۇمىنى قاتتىق تۈگكەن بۇ ئەزىمەتلەر—مەرھۇم سېيىت نوچىنىڭ ئىخلاسمەن شاگىرتلىرى ئىدى. ئابدۇقادىر دامولامنىڭ كۆپ قېتىملىق سۆز-نۇتۇقلىرىنى ئاڭلىغان ۋە يادىدا تۇتقان بۇ يىگىتلەر، ياۋاشنى بوزەك ئەتمەيدىغان، يامانغا يول قويمايدىغان ھەقىقىي نوچىلار ئىدى. ناماينشچىلار قوشۇنىنىڭ تەرتىپ-ئىنتىزامىغا مەسئۇل بولۇۋاتقان، خوجائىشان مۇرىتلىرىنىڭ «توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاش» قەستىگە قەتئىي يول قويمىغانلار-دەل مۇشۇلار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرگەن بەدپەيلى مەخلۇقلارنىڭ پېيى سىرقىرىدى، زۇۋانى تۇتۇلدى. غەيۇر يىگىت ئۇلارغا قاراپ ۋارقىرىدى:

—ئەي سەۋدايىلار، ئېيتىمىشقىنا، كىم قەيەرگە كېتىشى كېرەك؟ قان-قېرىنداش، دىنداش خوتەنلىكلەر خوتەنگە، ئاتۇشلۇقلار ئاتۇشقا كېتىشى شەرت ئىكەن، ئۇنداقتا، دىنىمىزغا قەست قىلىۋاتقان ئەجنەبىلەرچۇ؟ مىللىمىزغا، ئىنسانىي غورۇرىمىزغا، جېنىمىزغا قەست قىلىۋاتقان ئەجنەبىلەرچۇ؟ ئۇلار كەتمەي تۇرۇۋېرەمدۇ؟ ئەركىن يايراپ يۈرۈۋېرەمدۇ؟ شىلىمىمىزغا مىنىۋېرەمدۇ؟ خالىغانچە زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىۋېرەمدۇ؟!—يىگىتنىڭ ھەققانىي سۆز-سوئاللىرى ئەسەبىلەشكەن بەدپەيلى مەخلۇقلارنىڭ زۇۋانىنى پېچەتلىۋەتكەنىدى،—بەزى بىنومۇسلار زوراۋان ئەجنەبىلەرنى «مېھمان—ئەزىز مېھمان» دېيىشىدۇ تېخى! غورۇر-ئىپتىخارىنى قەدىرلەيدىغان قەشقەرلىقنىڭ قايسىبىرى باغاق يېزىدىپتىكەن ئۇ نېمىلەرگە؟!—يىگىت مەغرۇرانە خىتاب قىلدى،—ئويغىنىش، بىرلىشىش-نىجادلىق يولى؛ يۇرتۋازلىق، گۇرۇھۋازلىق، مەزھەپچىلىك، ئىناقسىزلىق-نادانلىقنىڭ مەھسۇلى. بۆلگۈنچىلەر-ئەجنەبىي ئىشغالىيەتچىلەرنىڭ قامچىسى، ئارغامچىسى! ئۇلار بۇ ئارغامچا بىلەن پۇت-قولىمىزنى باغلايدۇ، بۇ قامچا بىلەن باش-كۆزىمىزنى يارىدۇ! بۆلگۈنچىلەر—ئەڭ قەبىھ دۈشمىنىمىز!

—ياشىسۇن خەلقىمىزنىڭ بۈيۈك بىرلىكى!

—ياشىسۇن!—ئون مىڭلىغان خەلقنىڭ تەكشى ساداسى گۈلدۈرماممىدەك ياڭرىدى. خوجائىشاننىڭ يالالانما قوشۇنى يول بېرىشكە، ھالسىزلانغان ھالدا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

قەشقەر خەلقى مۇتىھەم ئەجنەبىلەرنىڭ يەششىك- يەششىك ئەپيۇنلىرىغا ئۆز قولى بىلەن ئوت ياقتى. 20 - ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىكىدە ئومۇمىي ئېقىمغا ئايلىنىشقا باشلىغان ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ تۇنجى مېغىزىنى چاقتى!

......

قاراڭغۇ كېچە. ھېيتگاھ جامەسى ئالدىدا ئوت يېقىلغان ئەپيۇنلار تېخىچە بۇژۇلداپ كۆيمەكتە، چەت ئەل ئەپيۇن سودىگەرلىرى بىلەن يەرلىك ئەپيۇن بەدبەختلىرىنىڭ ئىچ-باغرى كۆيمەكتە ئىدى. بىئاراملىق، دىشۋارچىلىق ئىچىدە تۈننى تاڭغا ئۇلىغان ئەنگلىيە باش كونسۇلى بىلەن شۋېت مىسسىئونېرى قىزىل تور قورشاپىدا قالغان كۆكۈش كۆزلىرىنى يۇمغان ھالدا ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇشماقتا. چىرايىنى ھارغىنلىق، ۋۇجۇدىنى زەئىپلىك چىرمىۋالغان بۇ ئادەملەر تەنھالىق ۋە جىمجىتلىققا نەقەدەر مۇھتاج ئىدى-ھە؟ بۇلارنىڭ پۈتۈن كۈنى «ھال سوراش»، «داماقۇللۇق بىلدۈرۈش» ئۈچۈن كەلگەن بايلارنى كۈتۈش - ئۇزىتىش بىلەن ئۆتتى. ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىدىكى ھەرقايسى دۆلەت ۋە رايونلار بىلەن ئىقتىسادىي چېتىشلىقى بولغان بۇ بايلار يۈزلىگەن تۆگە-خېچىرلاردا ماڭدۇرغان قىممەت باھالىق ماللىرىنىڭ تەقدىرىدىن ئەندىشە قىلاتتى. «ئۇلۇغ بىرىتانىيە پادىشاھى ئالىيلىرى تۈنۈگۈنكى كۆڭۈلسىز ۋەقەدىن ۋاقىپ بولغان ھامان سودا مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈۋېتىدىغان بولسا، ئاھ، تۈگەشكىنىمىز شۇ!...» مال - دۇنيا ۋەسۋەسىسى ئىچىدە ھوش - كاللىسىدىن ئايرىلغان بۇ كاتتا بايلار ئۆز ئورنى ۋە رولىغا يېتەرلىك باھا بېرەلمەيتتى. ئەجنەبىي خوجايىنلار بۇ زېمىندا پۇت تىرەپ تۇرالىشىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىللارنىڭ بىرى — دەل ئۆزلىرى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيتتى. «تۈنۈگۈنكى كۆڭۈلسىز ۋەقە بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتىمىز يوق، باش كونسۇل جانابلىرى، — دەپ يالۋۇراتتى، قەسەم قىلاتتى ئۇلار، — كۆڭلىمىزنى چۈشەنگەيلا. ھەر بىرلىرى بىزنىڭ ئەزىز مېھمىنىمىز، خەيرىخاھىمىز، شەپقەتچىمىز ...»

چەتئەل ئەپيۇن سودىگەرلىرى ۋە يەرلىك ئەپيۇن بەدبەختلىرىنىڭ ھال - ئەھۋالى تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى. ئۇلار باش كونسۇل ئالدىدا ھۆكىرەپ يىغلايتتى. «كۆيۈۋاتقىنى ئەپيۇن ئەمەس، مېنىڭ يۈرىكىم؛ ئاھ، يۈرەك!» دەپ ئۆز مەيدىسىگە مۇشتلايتتى، تامغا، تاختايلىق پولغا ئۇسسۇيتتى. دەرمانسىزلىنىپ ياكى ھوشسىزلىنىپ يېتىپ كېتەتتى. مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە داد - پەرياد كۆتۈرەتتى. پۈتۈن زىياننى يەرلىك ھۆكۈمەت قورال كۈچى ئارقىلىق بۇ «قەبىھ ئىسيانچىلار»دىن تۆلىتىپ ئېلىپ بەرسۇن، دېگەن تەلىپىدە چىڭ تۇراتتى.

بىر زامانلاردا كۆزىمىزگە چېلىققان ئاق پەرىجە - چۈمبەللىك «خوتۇن» يېقىندىلا يەنە بىر نۆۋەت غىلىپالغىنىدا كۆرۈنۈپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئەمەت ئىسىملىك بۇ ئادەم ئەسلىدە بىر پوكانچى ئىدى. قاسساپلىق قىلغۇدەك قۇربىتى — سەرمايىسى بولمىغان، قاسساپلارنىڭ ۋە ھاجەتمەنلەرنىڭ مال - چارۋىلىرىنى سويۇپ بېرىش ئارقىلىق تاپقان ئازغىنا تاپاۋەت بىلەن يېرىم قەلەندەر ھالەتتە كۈن كۆچۈرىدىغان كىشىلەر «پوكانچى» دېيىلەتتى. خوجا ئىشانغا «قول بەرگەن»، سەللىسى ئىچىدە سەلىپ ساقلاپ يۈرگەن بۇ پوكانچى ھەر قانداق يامان بۇقىنى كۆتۈرۈپ يىقىتالايدىغان كۈچتۈڭگۈر، قارام ئادەم ئىدى. قاراملىق، تەلۋىلىك، مۇتىھەملىكى تۈپەيلىدىن بىر مەسچىتنىڭ مەزىنلىك ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغانىدى. ئۆز مەھەللىسى تەۋەسىدە بولۇپ ئۆتكەن كاتتا بىر دەۋادا ئۇ، مۇتىھەم دەۋاگەر تەرەپنىڭ شاھىدى ۋە يۆلەنچۈكى بولغانىدى. ئومۇمىي قىممىتى 150 سەر ئالتۇنغا باراۋەر بولغان

بۇ دەۋا مۇتىھەم دەۋاگەرنىڭ پايدىسىغا هەل بولىدىغان بولسا، پايدىنىڭ ئوندىن ئۈچ ئۈلۈشى بۇنىڭ چاڭگىلىغا كىرىپ قالاتتى! دەۋا بۇلارنىڭ غەرەز - مۇددىئاسى بويىچە يەكۈنلىنىش ئالدىدا تۇرغان هالقىلىق پەيتتە، ئابدۇقادىر داموللام چەت ئەلدىكى زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرغان ۋە قەشقەر مەھكىمە شەرئىيىنىڭ قازىلىق مۆھۈرىنى قولىغا ئالغانىدى. چاڭگىلىغا كىرىش ئالدىدا تۇرغان 45 سەر ساپ ئالتۇندىن قۇرۇق قالغان ۋە خەلقى - ئالەم ئالدىدا شەرمەندە بولغان بۇ قارا يۈز، ئابدۇقادىر داموللامغا چىش - تىرنىقى بىلەن ئۆچ ئىدى. قانداقتۇر بىر غەرەز - مۇددىئاسى كۆڭلىگە پۈككەن خوجا ئىشان ئۇنى ئالىماقچان ئۆزىگە رام قىلىۋالغانىدى. كەمدىن - كەم ئىزدەيتتى، يوشۇرۇن كۆرۈشەتتى. پۇل - پۇچەك، ئاشلىق - ئوزۇق كىرگۈزۈپ تۇراتتى. هازىر ئۇنى بۇ كونسۇلخانىغا ئارقا يول، ئارقا ئىشىك ئارقىلىق باشلاپ كىرگەنىدى. ئوچۇقچىراي بىلەن كۈتۈۋالغان ھەسەن شىۋىت:

— باش كونسۇل جانابلىرى بىر سوتكىنى ئۇيقۇ - ئارامسىز ئۆتكۈزدى. ئۇ، جىمجىتلىققا تولىمۇ موهتاج. ئازراق تەخىر قىلىشقايلا، — دەپ قويۇپ چىقىپ كەتكەنچە كىرمىدى.

— باش كونسۇل ئالىيلىرىنىڭ ئارامىنى بۇزۇشقا پېتىنالمايۋاتقان بولسا كېرەك، — دېدى خوجا ئىشان خېلىدىن كېيىن، — مەيلى، خوجايىنلىرىمىز قانغۇدەك ئارام ئېلىۋالسۇن. بىزمۇ ئۆز سودىمىزنى پىشۇرغاچ تۇرايلى.

قارام پوكانچى يېرىم چاڭگال ناسىۋالنى ئاغزىغا ئاتقانىدى، تۆۋەن كالپۇكى قىرغىزچە تۇماقنىڭ قاسقىنىدەك پولتىيىپ چىقتى.

خوجا ئىشان سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— دىن تاراتقۇچى ئۇستاز سىلىنى چۈشىنىدۇ، سىلىگە ئىشىنىدۇ. باش كونسۇل جانابلىرىمۇ تونۇشتۇرۇپتۇ. مەنمۇ شۇنچە ماختىۋەتتىم دېسىلە، مەزىنئاخۇنۇم. باش كونسۇل جاناب سىلىنى كۆرۈشكە تەقەززا.

— كۆرسۇن! — دېدى مەزىن ئۆزىگە تەمەننا قويغان هالدا.

— كۆرىدۇ، پەقىر تاللىغان ئادەمنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ! ئالاهىدە ئىنئامىمۇ بېرىدۇ تېخى! مەندىن 300 سەر ئاق تەڭگە، باش كونسۇل جانابلىرىدىن ئالاهىدە ئىنئام؛ تويلىرى بولۇپ كېتىدىغان بولدى، مەزىن ئاخۇنۇم، قوش تويلىرى! — ئاۋازىنى پەسەيتتى خوجا ئىشان، — مەزىنئاخۇنۇم، ئالىمادىس . . .

— «ئالىمادىس»؟ — جىددىي تىكىلدى مەزىن.

— كونا رەقىبلىرىنى خۇدانىڭ دەرگاھىغا هايالسىز ئۇزىتىۋېتىشلىرىگە ئىشەنچىم كامىل. بىراق، هەر ئېھتىمالغا قارشى . . . ، — خوجا ئىشان تىلىنى چاينىشقا باشلىدى.

— مېنى مۇنچە تىت - تىت قىلماي، دەۋەرسىلە، خوجام.

— ئالىمادىس، ئۆزلىرى ئاشكارا بولۇپ قالىدىغان بولسىلا . . .

— خاتىرجەم بولسىلا، جىن - شەيتانغىمۇ سايەمنى كۆرسەتمەيمەن، قۇيرۇقۇمنى تۇتقۇزمايمەن!

— دېگەنلىرىدەك بولار، ئەلۋەتتە. ئالىمادىس، مەن دېگەندەك بولۇپ قالسىچۇ؟

— جانابلىرى بار، خوجايىنلىرىمىز بار، نېمىدىن قورقاتتىم؟

— سەۋەبىنى سوراپ، قىيىن - قىستاققا ئالسىچۇ؟

— زۇۋان سۈرمەي تۇرۇۋالسام، نېمە قىلالايتتى؟

خوجا ئىشان كۆز يۇمۇپ، بىر هازاغىچە خىيال سۈرگەندىن كېيىن:

— تاپتىم، بىر ئەقىل تاپتىم! — دېدى تەلۋىلەرچە خۇشاللىق بىلەن، — ئەنت ئېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم دېگەن سۆزدە تاقا مىقىدەك چىڭ تۇرىدىغان بولسىلا . . .

— «ئەنت ئېلىش؟» — ئەجەبلىنىش بىلەن

تىكىلدى مەزىن.

— ئۇ كىشى ماڭا، — تۇمشۇقىنى مەزىنىنىڭ قۇلىقىغا ياقتى، — چىپپىلدىغانىدى، ئەرلىك نومۇسۇمنى يۇيۇش ئۈچۈن . . .

— تۇفى! — مەزىنىنىڭ ئاغزىدىن چىققان ناسۋال ئارىلاش خەيرۇك ۋابا كېسىلىگە يولۇققان توخۇنىڭ سويۇق كەندىسىگىلا ئوخشايتتى، — نېمە دەۋاتىسىلا، خوجام؟ — چاڭگا ساقىلىغا چاپلىشىپ قالغان ناسۋال يۇقۇندىسىنى غەزەپ بىلەن سۈرتتى ئۇ، — يەتتە باشلىق دىۋىنى ئېتىپ ئۇرغۇدەك كۈچى بار مەندەك بىر ئادەم 64 ياشلىق قېرىنىڭ خورلىشىغا ئۇچراپتۇ دېسە، كىم ئىشىنىدۇ؟ بۇ شۇكتىكى بوۋاقمۇ ئىشەنمەس بۇ گەپكە!

— ھەممە يەرگە تارىتىۋەتسەك، ئۇمۇ دېسە، بۇمۇ دېسە، . . .

— خوجام، مەن سىلىگە قول بەردىم، ئەگەشتىم. بۇ ئىشقىمۇ ئىرادە باغلىدىم. مەن دېمىگەن شۇ گەپ قالغانمىدى ئەمدى؟! «خاۋارىج، جوھۇت، مۇناپىق، قاتىل» دېگەندەك ئاھانەتلەرنى كۆتۈرۈپ كەتكۈچىلىكىم بار. «ئەر سۈرەتلىك خوتۇن» دېگەن گەپنى بولسا، . . . ياق، خوجام، ياق! قاۋان نامىنى ئېلىپ، ۋەيلۇن دوزاقتا كۆيۈشكە رازىمەنكى، مىكىجىن ئاتىلىپ، جەننەتۇلپىردەۋستە يۈرۈشكە رازى ئەمەسمەن!

مەزىن سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ئۆلگۈرۈپ كىرگەن ھەسەن شىۋىت ھەيرانلىق بىلەن سوئال قويدى:

— «رازى ئەمەس؟» بەللى! «ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماپتۇ» دېگەن شۇ ئىكەن - دە؟ يۈرەكلىرى پوكۇلداۋاتامدۇ؟ تېشىلگەن تۇلۇمدەك بوشاپ كەتمىسىلە، مەزىنئاخۇنۇم!

— ئانام مېنى ئوغۇل بالا دەپ تۇغقان، ئوغۇل بالىنىڭ شۇمىكىنى سېلىپ چوڭ قىلغان!

مۇزدەك سوغۇق، چويۇندەك قاتتىق جاۋاب ھەسەن شىۋىتنى ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالدۇرغانىدى. خوجا ئىشاننىڭ ئەۋرىشىم تىلى بۇ قاتمال ھالەتنى دەرھال يۇمشاتتى:

— بەس، ئۇيۇنىشىپ دەپ قويغان كىچىككىنە گەپكە مۇنچە تەنە - تەئەددىي قىلىشىپ كەتمەيلى، مەزىنئاخۇنۇم. خوش، ھەسەن ئەپەندىم، باش كونسۇل جانابلىرىنىڭ ۋاقتى؟ . . .

— ھەر بىرلىرىنىڭ يولىغا قاراپلا قالدى. قېنى، مەرھەمەت قىلىشسىلا.

— مانا - مانا، ئىشىمىزنىڭ ئوڭ كەلگىنى شۇ! ياقا - پەشلىرىنى تۈزەشتۈرسىلە، مەزىنئاخۇنۇم، چىرايلىرىنى ئاچسىلا. ھەببەللى، يۈرسىلە ئەمدى، — ئۇلار ھەسەن شىۋىتنىڭ ئارقىسىدىن يورغىلاشتى.

بىر قانچە كۈن - تۈنلەردىن كېيىن قەشقەر خەلقى ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئۇستازى ئابدۇقادىر داموللا بىننىي ئابدۇۋارىسنىڭ چەت ئەل ئىشغالىيەتچىلىرىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان بىر مىللىي مۇناپىق تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. كېچىسى ئادەم ئۆلتۈرۈپ، كۈندۈزى ھازا تۇتۇشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن مەككار خوجا ئىشان ھەسرەت - نادامەت ئىچىدە مېيىت ئۈزىتىۋاتقان ئون مىڭلىغان ھازىدارلارنىڭ ئالدىنقى رېتىدە ئىدى. بېشىدىن - ئايىغىچە ماتەم لىباسىغا ئورالغان ۋە ئارىلاپ - ئارىلاپ «ئاھ، قېرىندىشىم!» دەپ ئىڭراپ قىلىپ قويۇۋاتقان بۇ «ھازىدار» شەخسىنىڭ ئەڭ قەبىھ جىنايەتكار باش قاتىل ئىكەنلىكىنى كىممۇ خىيالىغا كەلتۈرەلىسۇن؟! ...

(داۋامى كېيىنكى ساندا)



# دانىشمەنلەر دەپتىرىدىن ئەخلاق توغرىسىدا

## ◁ ھېكايەتلەر ◁

ئىسكەندەر ئۇستازى ئارىستوتېلدىن:

— ئۇستازىم، مەن چوڭ ئىشلارغا قەدەم قويدۇم. بۇ ئىشلىرىمدە نەتىجىمدە دوستلارنىمۇ، دۈشمەنلەرنىمۇ ئۇچرىتىمەن. ئۇلار بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇشۇم كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئارىستوتېل جاۋاب بېرىپ:

— ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆزۈڭگە دۈشمەن كۆپەيتمە. بىرەر كىشى ساڭا دۈشمەنلىك قىلىشقا باشلىسا، سەن ئۇنىڭغا مەرھەمەت نەزەرى بىلەن قارا، خۇش پېئىل بول، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئۆز دوستلىرىڭ قاتارىدىن جاي ئالىدۇ. دوستلىرىڭنى شەپقەت ۋە مەرھەمىتىڭ بىلەن خۇشال قىل، ئۇلار سەندىن ئايرىلماي، سەمىمىي دوستلىرىڭ بولۇپ قالىۋېرىدۇ.

يالغانچىلاردىن ۋاپا كۈتمە. توغرا سۆز كۆڭۈلگە ئاچچىق ۋە قاتتىق تېگىدۇ. ئادەم ياخشىلىق قىلغانغا ياخشىلىق قىلىدۇ، بىر ياخشىلىققا ئون ھەسسە ياخشىلىق قايتۇرىدۇ. كىمنىڭ ئەسلى پاك - ساپ بولسا، ئۇ كىشى ئەلگە مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ.

ئىنسانپەرۋەرلىك قىل، ئالىي ھىممەتلىك، خۇش پېئىل، ئوچۇق چىراي، شېرىن سۆزلۈك بول، — دەپتۇ.

* * *

بىر باي ئارىستوتېلغا:

— مەن سىزگە 100 سوم ھەدىيە قىلماقچى. سىز بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟ — دەپتۇ.

ئارىستوتېل مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— ھەدىيە قىلساڭ ئۆزۈڭ ئۈچۈن ياخشى، ھەدىيە قىلمىساڭ، مەن ئۈچۈن ياخشى، چۈنكى ماڭا پۇل بەرگىنىڭدىن كېيىن: «بالانى دانىشمەنگە 100 سوم ھەدىيە قىلغانمەن» دەپ ئېيتىسەن، مىننەت قىلىپ يۈرۈسەن. ھېچنەرسە بەرمىسەڭ، مىننەت قىلىپ يۈرۈشىڭدىن قۇتۇلىمەن.

* * *

ئىسكەندەر ئۇستازى ئارىستوتېلغا:

— ئۇستازىم، كىشىنىڭ سىرىنى پاش قىلغانغا قانداق جازا بېرىش كېرەك؟ مەن پالانى كىشىگە سىرىمنى ئېيتقانىدىم، ئۇ كىشى سىرىمنى ساقلىيالماي ئاشكارا قىلغان، مەن ئەمدى ئۇنىڭغا جازا بەرمەكچىمەن، سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟ — دەپتۇ.

ئارىستوتېل دەپتۇ:

— ئۇ كىشىگە جازا بېرىشكە ھەققىڭ يوق، ئۆزۈڭگە يىغلىكىمەن. سىرىڭنى ئۆزۈڭ ساقلىيالماي، بۇراۋغا ئاشكارا قىلغانسەن.

## ئەخلاق ئادەم زىننىتى

ئۆزۈڭ ساقلىيالمىغان سىرنى باشقىلار قانداق ساقلىيالىسۇن؟!

ئىسكەندەر سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ.

---

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **مۇتەللىپ پالتاجى**

*

**بېخىللىقنىڭ نەتىجىسى**

ھېكايەت قىلىنىشىچە: بىر ئادەم خوتۇنى بىلەن بىللە قورۇلغان توخۇ گۆشى يەپ ئولتۇرغانىدى. شۇ چاغدا بىر نامرات كىشى كېلىپ ئىشىكنى تاقىلداتتى. ھېلىقى ئادەم ئىشىكنى ئاچقاندا نامرات كىشى ئۆزىنىڭ دەردىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم سورىدى. ئۆي ئىگىسى ھېچنەرسە بەرمەي، ئۇ بىچارىنى قوغلىۋەتتى.

بىر نەچچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بۇ ئادەمنىڭ ئامىتى كېتىپ، ھېچنەرسىسى قالماي، مۇھتاجلىققا چۈشۈپ قالدى ھەم خوتۇنىنىڭ خېتىنى بەردى. خوتۇنى ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ، باشقا ئەرگە تەگدى. ئۇ بىر كۈنى يېڭى ئېرى بىلەن نان ۋە قورۇلغان توخۇ گۆشى يەپ ئولتۇراتتى، بىر نامرات كىشى كېلىپ سەدىقە سورىدى. خوتۇنىنىڭ يېڭى ئېرى دەرھال نان ئۈستىگە توخۇ گۆشى قويۇپ، ئۇنى ئەپچىقىپ بېرىشكە خوتۇنىنى بۇيرىدى. خوتۇن تاماقنى گادايغا بەردى - يۇ، يىغلاپ ئېرى قېشىغا قايتىپ كەلدى. ئېرى ئۇنىڭ يىغىسىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. خوتۇن بۇ نامرات كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ئېرى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئىككىنچى ئەر: «بىرىنچى ئېرىڭ بىلەن تاماق يەپ ئولتۇرغىنىڭدا تىلەمچىلىك قىلىپ بارغان گاداي مەن ئىدىم. ئېرىڭغا بېخىللىقى ئۈچۈن پەلەك شۇنداق مۇكاپات بەرگەن»، — دېدى.

---

(«دانىشمەنلەر ئەدەب - ئەخلاق توغرىسىدا» دېگەن ئۆزبېكچە كىتابتىن)

**جېلىل مۇھەممەت** تەرجىمىسى

## ئىككى ھەزىل

**ئابدۇراھمان جامىي**

كور كىشى قاراڭغۇ كېچىدە قولىدا چىراغ يەلكىسىدە كىچىك بىر كوزا، كېتىۋاتاتتى. ئەزمە بىر ئادەم يولدا ئۇنىڭغا يولۇقۇپ، دېدى:

— ئەي نادان، سېنىڭ ئۈچۈن كېچە - كۈندۈزنىڭ پەرقى يوق، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق باپباراۋەرغۇ، چىراغنىڭ نېمە پايدىسى بار؟

كور كىشى كۈلۈپ تۇرۇپ ئېيتتى:

— بۇ چىراغ ئۆزۈم ئۈچۈن ئەمەس، ساڭا ئوخشاش كۆڭۈل كۆزى كور، بىخەۋەرلەر ئۈچۈندۇر. ماڭا ئۇرۇلۇپ كوزامنى چېقىۋەتمىگەيسەن.

* *

بىر تېۋىپنى كۆردىلەر، قەبرىستان ئالدىدىن ئۆتۈپ قالسا بېشىنى چۈمكىۋالار ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدىلەر. تېۋىپ جاۋاب بەردى:

— بۇ قەبرىستاندىكى ئۆلۈكلەردىن ئۇيۇلىمەن. چۈنكى كىمگە كۆز تاشلىسام، مېنىڭ زەربەمنى يېگەن ۋە قايسى بىرىگە قارىسام، مېنىڭ شەربىتىمنى ئىچىپ ئۆلگەن كىشىلەردۇر.

---

(ئابدۇراھمان جامىينىڭ ئۆزبېكچە: «باھارىستان» ناملىق ئەسىرىدىن)

**ئەزىز ئەلى ئەزىزى** تەرجىمىسى

## هېكمەتلىك سۆزلەر

نەپسىنىڭ كەينىگە كىرگەن — نەپسانىيەت مەنزىلىدىلا توختايدۇ.

ئىلمىگە ئەمەل قىلمىغان ئالىم — ئۈستىگە كىتاب ئارتىلغان ئېشەكتۇر.

مۇلايىم سۆز — ۋەھشىيلەرنى ئۇلپەتكە ئايلاندۇرىدۇ.

كۆپ، بىمەززە سۆزلەيدىغان ئەزمە — كېچىلىرى تاڭ ئاتقۇچە تىنماي ھۇۋلايدىغان ئىتقا ئوخشايدۇ.

نادانىنىڭ ۋەھشىيلەرچە ۋارقىرىشىقى — ئېشەكنىڭ بىمەھەل ھاڭرىشىقى.

كۆپ سۆزلىگۈچى — زېرىكتۈرگۈچى.

ئاغزىغا كەلگەننى دېمەك — نادانىنىڭ ئىشى.

ئالدىغا كەلگەننىلا يېمەك — ھايۋاننىڭ ئىشى.

ئاز سۆزلىگەن — ئاز يېڭىلىدۇ.

ئاچلىقنىڭ تېگىدە ھېكمەت بار، توقلۇقنىڭ تېگىدە غەپلەت بار.

---

(ئەلشىر ناۋائىنىڭ: «مەھبۇبۇل قۇلۇپ» ناملىق كىتابىدىن)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئەزىز ئەلى ئەزىزى**

## نەسىھەتلەر

ئۇلپەتنىڭ شەرتى كۆلپەتنى بىللە تەرك ئېتىش.

سەۋرچان ئادەمنى شان - زەپەر، مۇۋەپپەقىيەت قارشى ئالىدۇ، ئالدىراقسانى نادامەت، پۇشايمان...

شېرىن سۆزلۈك، سىپايىلىق مۇئامىلەڭ بىلەن خەلق ئارىسىدا داڭ چىقار، قىلغان ئىشىڭ بىلەن ھەرگىز ماختانما.

«مەن ئۇنداق ئادەم بۇنداق ئادەم» دەپ ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ يۇقىرى سانىما، ئەگەر جەمئىيەتكە خىزمەت قىلغان بولساڭ، سەۋر قىل، جەمئىيەت سېنى قەدىرلەيدۇ.

يېمەك - ئىچمەك — بەدەننىڭ ئوزۇقى، ئىلىم - پەن ئەقلىنىڭ...

ئاتا - ئانىسىنى ھۆرمەت قىلمىغان پەرزەنت ئۆز پەرزەنتىدىن ھۆرمەت تەلەپ قىلىشقا لايىق ئەمەس.

دوستلۇق — مېۋىلىك دەرەخ، دوستلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن سىردىشىپ، ئىناق ئۆتۈشى شۇ دەرەخنىڭ شېرىن مېۋىلىرى.

ئۈچ نەرسە قەلبكە شادلىق، ئەقىلگە قۇۋۋەت بېرىدۇ: ئۇمۇسچان، خۇشخۇي، شېرىن سۆز خوتۇن؛ يېتەرلىك ئوزۇق - تۈلۈك؛ سەممىمىي سىرداش دوست.

نەسىھەت تەسىر قىلمىغان ئادەم بەختسىزدۇر.

---

(«دانىشمەنلەر ئەدەب - ئەخلاق توغرىسىدا» دېگەن ئۆزبېكچە كىتابتىن)

**جېلىل مۇھەممەت** تەرجىمىسى

* * *

ئىنساننىڭ ئابرويى نېمە بىلەن زىيادە بولۇر؟

سۆزنى كەم قىلماق، راست سۆزلىمەك بىلەن.

ماڭىدىغان يولنىڭ روشەنلىكى نېمە بىلەن بولۇر؟

ئۆز نەپسىنى تىزگىنلەشكە غالىب بولماق بىلەن.

ھەممىدىن بۇرۇن يامانلىقنى كىمگە قىلماق كېرەك؟

ئۆز نەپسىگە.

ئۇلۇغ ئەخلاق نېمە بىلەن ھاسىل بولۇر؟ ھەققانىي ئالىملارنىڭ، ياخشى كىشىلەرنىڭ سۆھبىتىنىڭ بەركىتى بىلەن.

قانداق كىشىلەرنىڭ ئەيىبى بولسىمۇ كۆزگە كۆرۈنمەس؟

قولى ئوچۇق، سېخى، خۇش پېئىل ئادەمنىڭ.

(«جاۋاھىرۇل فەند» «نەسىھەت جەۋھەرلىرى» دېگەن كىتابتىن)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئۆمەر ھامىدى

*　　*　　*

ئەقىل بىلەن ئويلاپ سۆز قىلىش، چىرايلىق خۇي بىلەن شۇك تۇرۇش تىنچلىقتۇر.

شۇك تۇرغىنىمغا بىر قېتىممۇ پۇشايمان قىلماي، سۆز قىلغىنىمغا كۆپ قېتىم پۇشايمان قىلدىم.

ھەسەتخورلارنىڭ يۈرەكىنى يارا قىلىدىغان تەنە سۆز ئوقلىرى بولمىسا، ئالىي پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ ئاشكارا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

كىشىلەر بىلەن ئوتتۇراھال مۇناسىۋەتتە بولغىن، ئەگەر كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دوستۇڭ دۈشمەنگە ئايلانسا ئۇنىڭ ساڭا بولغان دۈشمەنلىكى كامالەتكە يەتمىدۇ.

ئۆز تىلىڭنى باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى سۆزلەشكە قويۇپ بەرمە، باشقىلاردىمۇ تەنە قىلىشقا تىل باردۇر.

ئەگەر تىلىنىڭ ئەقلى بولغىنىدا ئىدى ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى سۆزلىمەي ئۆز ئەيىبى بىلەن كۈيۈپلەنگەن بولار ئىدى.

(«مىفتاھىل ئەدەب» «ئەدەب-ئەخلاق ئاچقۇچى» دېگەن كىتابتىن)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: نەسرۇللاھ خەدۇم لوكچۇنى

*　　*　　*

ئۈچ تائىپە كىشىنى ھەممە — دۈشمەن تۇتۇر: بىرىنچى: بېخىللىنى؛ ئىككىنچى: زالىمىنى؛ ئۈچىنچى: تەكەببۇرنى. ۋە يەنە ئۈچ تائىپە كىشىنى ھەممە — دوست تۇتۇر: بىرىنچى: ئالىمنى؛ ئىككىنچى: مەرد - سېخىنى؛ ئۈچىنچى: ئادىلنى.

ئادەم زىننىتى ئىككى نەرسە بىلەندۇر: بىرى: شەرمى-ھايا؛ يەنە بىرى: خۇش خۇلۇق.

ھەسەتخورنىڭ ئالامىتى ئۈچتۇر: بىرىنچى: ئالدىدا قۇللۇق قىلۇر؛ ئىككىنچى: ئارقاڭدىن غەيۋەت قىلۇر؛ ئۈچىنچى: ساڭا بىرەر يىغا — مۇسىبەت يەتسە، ئۇ، خۇرسەن، شاد بولۇر.

ئەخمەقلەرنىڭ ئالامىتى ئۈچتۇر: بىرىنچى: بىھۇدە سۆزلەر؛ ئىككىنچى: ياخشى ئادەملەرنىڭ ئارقىسىدىن غەيۋەت قىلۇر؛ ئۈچىنچى: ياخشى پەندى — نەسىھەتلەرگە قۇلاق سالماس.

ياخشىلارنىڭ ئالامىتى ئۈچتۇر: بىرىنچى: ئۆزىگە راۋا كۆرگەننى ئۆزگىگىمۇ راۋا كۆرۈر، ئۆزگىلەر ئۈچۈن ئۆز نەپسىدىن كېچۇر؛ ئىككىنچى: يالغان ۋە غەيۋەتتىن قاچۇر؛ ئۈچىنچى: ھارامنى تەرك ئېتۇر.

پاسىقنىڭ ئالامىتى ئۈچتۇر: بىرىنچى: پىتنە — پاساتنى ياخشى كۆرۈر؛ ئىككىنچى: كىشىلەرگە ناھەق زەرەر يەتكۈزۈر؛ ئۈچىنچى: توغرا يولدىن قاچۇر.

سېخى - مەردنىڭ ئالامىتى ئۈچتۇر: بىرىنچى: ئىنتىقامغا قادىر بولۇپ تۇرۇغلۇق ئەپۇ ئېتۇر؛ ئىككىنچى: مېلىنىڭ زاكاتىنى تامام بېرۇر؛ ئۈچىنچى: مېھمانىنى ئىززەت - ئىكرام قىلۇر.

دوستنىڭ ئالامىتى ئۈچتۇر: بىرىنچى: ئۆز نەپسىنى دوستىغا پىدا قىلۇر؛ ئىككىنچى: دوست ئۈچۈن مېلىنى نىسار قىلۇر؛ ئۈچىنچى: سىرىنى ساقلاپ قالۇر.

ئالىمنىڭ ئالامىتى ئۈچتۇر: بىرىنچى: راست ۋە ھەق سۆزلەر؛ ئىككىنچى: ھارامدىن پەرھىز قىلۇر؛ ئۈچىنچى: ئىلمىي ھېكمەتنى بايلىق قىلۇر.

مۇنۇ ئىككى نەرسە دىلنى روشەن قىلۇر: بىرى: تائامنى ئازراق يېمەك؛ يەنە بىرى: ئالىملار بىلەن كۆپ ھەمسۆھبەت بولماق.

مۇنۇ تۆت نەرسە كىشىنىڭ ھالىنى پەرىشان قىلۇر: بىرىنچى: غەمنىڭ كۆپلۈكى؛ ئىككىنچى: خاھ ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن قەرز؛ ئۈچىنچى: خاتۇنلارنىڭ ئالىمىسى؛ تۆتىنچى: بالغەمنىڭ كۆپلىكى.

مۇنۇ ئۈچ پەزىلەتنى ئۆزۈڭگە يار قىلغان بولساڭ، ئەگەر ساڭا جىمى ئالەم دۈشمەن قوپسىمۇ ئەندىشە قىلمىغىن: بىرىنچى: راست سۆزلىسەڭ؛ ئىككىنچى: ئامانەتنى ياخشى ئاسرىساڭ؛ ئۈچىنچى: مەرد - سېخى بولساڭ.

مۇنۇ بەش خىسلەتنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغان ئادەمنىڭ يۈزى يورۇق، يولى ئۇچۇق بولۇر: بىرىنچى: ئالىملار بىلەن داۋاملىق ھەمسۆھبەت بولسا؛ ئىككىنچى: خاھ باي، خاھ كەمبەغەل، خاھ يېتىم - يېسىر، خاھ پېقىر - مۇساپىر بولسۇن، ئۇلارنىڭ كېسەللىرىنى يوقلاپ تۇرسا؛ ئۈچىنچى: تەشناغا سۇ بەرسە؛ تۆتىنچى: كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياخشى سۆلھ ئەتسە؛ بەشىنچى: يېتىم - يېسىر، پېقىر - مىسكىن، زەئىپ... لەرگە ئېھسان قىلسا.

قول ئاستىڭدىكىلەرگە سىلىق، يۇمشاق، توغرا مۇئامىلە قىلغايسەن، يولۇڭ تىكەنسىز بولۇر.

ئاسماندىن ئۇلۇغراق نەرسە ھەق سۆزدۇر.

دەريادىن ئۇلۇغراق نەرسە مۆمىن بەندىنىڭ دىلىدۇر. ئوتتىن ئىسسىقراق نەرسە ھېرىسلىق (ئامراقلىق)تۇر. ئۇلۇغنىڭمۇ ئۇلۇغراقى سۇلتاننىڭ ئەدلىدۇر.


بۇ دۇنيادا ئەڭ مۇشكۇل يەتتە نەرسە باردۇر: بىرىنچى: (بىر يىگىنچىلىك بولسىمۇ) قەرز؛ ئىككىنچى: جاھىل بىلەن مۇئامىلە قىلماق؛ ئۈچىنچى: (بىر كۈن بولسىمۇ) غۇربەتچىلىك؛ تۆتىنچى: دۈشمەن بىلەن تىرىكچىلىك قىلماق؛ بەشىنچى: (بىر كۈن بولسىمۇ) سەپەر؛ ئالتىنچى: قىلىدىغان خەيرىگىمۇ مىننەت قىلماق؛ يەتتىنچى: غەزەب ۋە قەھرى ۋاقتىدا سەبرى قىلماق.

ئادىللار ۋە ئاقىللار جۈملىسىدىكى كىشىلەر مۇنۇ پەزىلەتلەرنى ئۆزىگە جەمئىي قىلغاندۇر: بىرىنچى: كىشى سورىماستىن ئېھسان قىلۇر؛ ئىككىنچى: بىراۋ ئۆزرە ئېيتماستىن بۇرۇن ئۇنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلۇر.

ھېچ كىشىگە زەررىچە خۇسۇمىتى يوق كىشىلەرنىڭ دىلى ئەڭ خۇشال ۋە ئەڭ روشەندۇر.

(«نادىردىل مېھراج» دېگەن كىتابتىن)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **مۇھەممەت ئەمەت چۇپانى**






(ھېكايە)

چېن تىڭچۇ

ساتتار ئابدۇللا تەرجىمىسى

1

لى لى، ئەر، 25 ياش، بېيجىڭ داشۆنىڭ جۇڭگو تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. 20 ياش ۋاقتىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھازىرغا قەدەر 20 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە ئېلان قىلغان. بۇ يولداشنىڭ تەشكىللەش، رەھبەرلىك قىلىش جەھەتتە مەلۇم ئىقتىدارى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەدەبىيات - سەنئەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلسە.

كادىرلار باشقارمىسى
1958 - يىل ئىيۇل

بۇ بىر ياخشى مايسا ئىكەن، شۇڭلاشقا تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلامغا ئەۋەتىپ، مەلۇم ۋاقىت چېنىقتۇرغاندىن كېيىن قاراپ بېقىش كېرەك.

مەدەنىيەت ئىدارىسى پارتگورۇپپىسى
1958 - يىل ئاۋغۇست

2

لى لى، ئەر، 31 ياش، داشۆ پۈتتۈرگەندىن كېيىن مەدەنىيەت ئىدارىسىغا تەقسىم قىلىنغان، 1959 - يىلى ئەتىيازدا، مەدەنىيەت ئىدارىسى تەرىپىدىن ماشىنىسازلىق زاۋۇتىغا چۈشۈرۈلگەن. زاۋۇتقا كەلگەندىن بۇيان ئۆز خىزمىتىنى ئىشلىگەندىن سىرت، يەنە ئىشچىلارنىڭ ئىجادىيىتىگە ياردەم بېرىپ، ئىشچىلار تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىرمۇنچە ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان ۋە بىر تۈركۈم ئىشچىلاردىن يېڭى ئاپتورلارنى يېتىشتۈرگەن.

بۇ يولداش بىر قەدەر يۇقىرى كەسپىي سەۋىيىگە ۋە تەشكىللەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، زاۋۇت مەدەنىيەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلسە.

كادىرلار باشقارمىسى
1964 - يىل سېنتەبىر

بۇ يولداشنىڭ كەسپىي ئىقتىدارى يۇقىرى بولغىنى بىلەن، سىياسىي ئۆگىنىشىنى چىڭ تۇتمايدىكەن، زىيالىي مىجەزى ئېغىر ئىكەن، شۇڭا يەنە مەلۇم ۋاقىت سىناپ كۆرسەك.

زاۋۇت پارتكومى
1964 - يىل ئۆكتەبىر

3

لى لى، ئەر، 46 ياش، 50- يىللاردا بېيجىڭ




AltunOg

داشۆنى پۈتتۈرۈپ، مەدەنىيەت ئىدارىسى ۋە زاۋۇتىمىزدا مەدەنىيەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا ئەكسىلئىنقىلابچى قىلىپ قويۇلغان، 1978- يىلى ئاقلانغاندىن كېيىن، ئۆز تەلىپىگە ئاساسەن زاۋۇتىمىزغا قايتىپ كېلىپ، ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. خىزمەت جەريانىدا نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان، بۇ جەھەتتە ئارتۇقچىلىقى بولغاچقا، «ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىگە تەيىنلەنسە.

كادىرلار باشقارمىسى
1979 - يىل فېۋرال

بۇ يولداشنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى يۇقىرى بولغان بىلەن، پارتىيە ئەزاسى ئەمەس ئىكەن، پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ژۇرنىلىغا پارتىيىسىز بىر ئادەمنى باش مۇھەررىرلىككە قويۇش مۇۋاپىق ئەمەس.

زاۋۇت پارتكومى
1979 - يىل مارت

لى لى ئەر، 53 ياش، داشۆنى پۈتتۈرگەن، 1982 - يىلى پارتىيىگە كىرگەن، 30 نەچچە يىلدىن بۇيان پارتىيىگە باشتىن ئاخىر سادىق بولۇپ كەلگەن، تەسىرى بار نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازغان، مول ئەمەلىي خىزمەت تەجرىبىسىگە، بىر قەدەر يۇقىرى مەدەنىيەت - سەنئەت سەۋىيىسىگە ۋە تەشكىللەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغاچقا، مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قىلىپ يۆتكەش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىمىز.

مەدەنىيەت ئىدارىسى پارتگورۇپپىسى
1984 - يىل ئاپرېل

بۇ يولداش ھەقىقەتەن ئىقتىدارلىق ئىكەن، بىراق نۆۋەتتىكى كادىرلارنى ياشلاشتۇرۇش تەلىپىدىن قارىغاندا، يېشى ئېشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، رەھبەرلىك بەنزىسىگە كىرگۈزۈلسە مۇۋاپىق بولمايدۇ.

تەشكىلات بۆلۈمى
1984 - يىل ئىيۇن

(«تاللانغان ھېكايىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىللىق 7 - سانىدىن)

# ئەپچىل قۇراشتۇرۇلغان ياخشى ئەسەر

**جاڭ دېخۇا**


«دوكلات» ناملىق بۇ ھېكايە ئەپچىل قۇراشتۇرۇلغان، كىشىنى قايىل قىلىدىغان ياخشى ئەسەر.

بۇ ھېكايە 1000 خەت ئەتراپىدا بولسىمۇ، 26 يىللىق بوران - چاپقۇننىڭ ئالامەتلىرىنى ئۇچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ھېكايىدە پېرسوناژلار بىۋاسىتە يېزىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن لى لىنىڭ ئىقتىدارى، خىزمەتكە، تۇرمۇشقا، كەسپكە تۇتقان پوزىتسىيىسى، تەقدىرى كىتابخانلاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى زىيالىيلارنىڭ ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان سىياسىي ھاياتتا تۇتقان ئورنىنى ۋە ئېرىشىپ كەلگەن «خەيرىخاھلىق» لىرىنى ئىنتايىن چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ، «ئىنتايىن سول» چىل لۇشيەننىڭ زىيالىيلارغا قىلغان زىيانكەشلىكىنى كۈچلۈك ئېچىپ بەرگەن.

لى لىنىڭ ئوبرازى ئۇنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا يېزىلغان تۆت پارچە دوكلات ئارقىلىق گەۋدىلىنىدۇ، بۇ تۆت پارچە دوكلاتقا سىڭىنغان تەستىقمۇ ناھايىتى جانلىق، پۇختا يېزىلغان. ئىزچىل توغرا بولۇپ كەلگەن بۇ تەستىقلەر كىتابخانلارنى تىت - تىت قىلىۋېتىدۇ. بۇ ھېكايىنىڭ ئاخىرىسى بىر لەتىپىگە ئوخشىسىمۇ، بىراق بۇنى كۆرگەن كىشى كۈلەلمەيدۇ.

(«تاللانغان ھېكايىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىللىق 9 - سانىدىن)


ئۇمىد — يىراقتا چاقنىغان نۇر



20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر جانبازلىرىدىن — توختاخۇن جانباز (1881ـ1946)

ئابدۇرەئۇف ئابدۇللا فوتوسى




新疆文化(维吾尔文) «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»

(قوش ئايلىق ئومۇمىي ئەدەبىي ژۇرنال) 37 - يىل نەشرى 1988 - يىل 5 - سان

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت يۈرتى نەشر قىلدى. «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. ئورۇمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ. مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ. تاق ئايلارنىڭ 20 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ. تېلېفون نومۇرى: 28055 باھاسى 30 پۇڭ

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 - 1073/1. ۋەكالەت نومۇرى: 22 - 58. تىزىملانغان نومۇرى: 414